# تەجەللى شېئىرلىرىدىن

ئەيرەتجان
ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

## 图书在版编目(CIP)数据

塔加力诗选:维吾尔文/塔加力著. - 北京:民族出版社,2000.9

ISBN 7—105—04104—8

Ⅰ.塔… Ⅱ.塔 … Ⅲ.诗歌—作品集 - 中国 - 当代 - 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 46987 号

责任编辑: 凯塞尔
责任校对: 胡达拜地
出版发行: 民族出版社　　电话:010—64290862
社　　址: 北京市和平里北街 14 号　　邮编:100013
印　　刷: 迪鑫印刷厂
经　　销: 各地新华书店
版　　次: 2000 年 9 月第 1 版
　　　　　2000 年 9 月 北京第 1 次印刷
开　　本: 850×1168 毫米　1/32
印　　张: 7
印　　数: 0001—3000 册
定　　价: 11.00 元



شائىر تەجەللى　　　سىزغۇچى: ئوبۇل ھېكىم

www.uyghurkitap.com



شائىر تەجەللى مەقبەرىسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



شائىرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئورنىتىلغان ياغاچ پەنجىرە

# مۇندەرىجە

غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر ........................... (1)
قەسىدە ........................................ (19)
ساقىينامە ..................................... (44)
قارلىقنامە .................................... (56)
تەجەللىنىڭ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئابدۇجېلىل
داموللا ھاجىمغا ئەۋەتكەن شېئىرلىرى ............ (67)
قوشۇمچە : ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ تەجەللى ھەققىدە
يازغان مەدھىيىلىرىدىن نەمۇنە .................. (81)
تەجەللىنىڭ ئابدۇكېرىم زىيائىغا يازغان شېئىرلىرى
.............................................. (84)
تەجەللىنىڭ موتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى
.............................................. (88)
تەجەللىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامغا يازغان قەسىدىلىرى
.............................................. (103)
تەجەللىنىڭ مەھمۇدئاخۇن داموللامغا يازغان شېئىرلىرى
.............................................. (105)
تەجەللىنىڭ ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى
.............................................. (108)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەجەللىنىڭ مەۋلانە مۇھەممەت يولداشقا يازغان قەسىدىسى
.............................. (113)
تەجەللىنىڭ شەمسىدىن داموللامغا يازغان قەسىدىسى
.............................. (122)
قوشۇمچە: شەمسىدىن داموللامنىڭ تەجەللىنىڭ ۋاپاتىغا
بېغىشلاپ يازغان مەرسىيىسى .............. (124)
تەجەللىنىڭ بىر قىسىم ھەجۋىي شېئىرلىرى ......... (129)
تەجەللىنىڭ ئىسمائىل ھاجىمغا يازغان خېتى (1)
.............................. (151)
تەجەللىنىڭ مۇھىمغا قايتۇرغان شېئىرىي جاۋابى ...... (153)
شېئىرىي مەكتۇپ ............................ (154)
قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە ........................ (170)
تەجەللىنىڭ ئىسمائىل ھاجىمغا يازغان سالام خېتى (2)
.............................. (172)
تەجەللىنىڭ ئابدۇقادىر داموللام تۈزگەن «مىفتاھۇل ئەدەب»ناملىق ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن
شېئىرلىرى ......................... (178)
رۇبائىي ۋە پارچىلار ......................... (196)

# تەجەللىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە

## ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە

مەشھۇر ئالىم ، ئاتاقلىق شائىر ، داڭلىق تېۋىپ ، مائارىپچى ۋە خىمىك ، سەئىد ئەۋلادى ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى مىلادى 1856-يىلى①خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى②زوڭلاڭ يېزا ئايكەنت كەنتىدىكى دىنىي ئالىم ، ماھىر تېۋىپ قۇتبىددىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا-ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەككىدە ئالغان . قۇتبىددىن شاھ پەرزەنتىنى يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە تەجەللىنى ھىندىستانغا ئېلىپ بېرىپ ، ئىمتىھانغا قاتناشتۇرغان . تەجەللى ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن ، دېھلى شەھىرىدىكى ”دېھلى دارىلئۇلۇم“ مەدرىسىدە ، ئاندىن ئىراننىڭ ”ئىسپاھان دارىلفۇنۇنى“دا ، كېيىن ئافغانىستاننىڭ

① ئالىمنىڭ تۇغۇلغان-ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار . بۇ يىلنامە «نەسەبنامە»دىن ئېلىندى .

② ئۇ مەزگىللەردە قاغىلىق خوتەنگە تەۋە ئىدى .

"كابۇل دارىلفۇنۇنى"دا ئوقۇغان . ئۇ ئوقۇش جەريانىدا خىمىيە ، تىبابەت ، ئىلمىي نۇجۇم ، تارىخ ، لوگىكا ، تىلشۇناسلىق ، جۇغ-راپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، يۇقىرى ماھارەت ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن ، ئەرەب ، پارس ، ئوردو ۋە ھىندى تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگەن . بۇلاردىن تاشقىرى دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەنمۇ پىششىق تونۇشقان ، ئاشۇ ساھەدىكى پېشىۋالارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستى-دە ئىزدىنىپ ، مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان . بۇ نەتىجىلەر بىلەن «مەۋلىۋى①»لىككە ئېرىشكەندىن كېيىن ، زاماندašلى-رى ئۇنىڭغا "تەجەللى-مۇجەللى" دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان . ئوقۇشنى تاماملىغان تەجەللى مەككە ، مەدىنە ، دېھلى ، كابۇل ، تېھران ، ئىستانبۇل ، ھەتتاكى روسىيىدىكى بەزى شە-ھەرلەرگىچە بېرىپ ، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە ساياھەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن تۇرۇپ قالغان . تەجەللى ھەج ۋە ئوقۇشنى تۈگىتىپ ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ۋەتەنگە قاي-تىش يولىدا پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىگە كەلگەندە ، ئانىسى بىبى گۇلسۇم خېنىم②بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكەن دەرياسى باش ئېقىنىنىڭ چاتولى كېچىكىدىن ئۆتۈشتە بارلىق بىساتلىرى دەرياغا غەرق بولغان . تەجەللى قاتمۇ-قات مۇسىبەت ۋە يول ئازابىدىن غەم-قايغۇغا چۆمگەن ھالدا

---

① ئەينى چاغدا ھىندىستاندا ئوقۇغانلارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقى-رى ئىلمىي ئۇنۋان .
② يەكەنلىك سەيىد جالالىدىن ھەزرەتنىڭ قىزى .

يەكەنگە كېلىپ تۈغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ۋە يەكەندىكى "يېشىل مەدرىسە"گە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن . سانىسىزلىغان تالىپلار ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بولغان . شائىرنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار، زىيالىيلار ئارىسىدا قولغا ئېلىنىپ ئوقۇلغان . ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن دىنىي، پەننىي ۋە ئەدەبىي بايانلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، ئۇنىڭ ئالىيجاناپ خىسلىتى ھەر تەبىقە زاتلىرى ۋە ئاۋام خەلقنى مەھلىيا قىلىشقا . ئۇ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى داۋالاپ ساقايتقان، يۈقسۇللاردىن ھەق ئالمىغان . ئۇ يەنە خىمىيە ئىلمى بويىچە تەتقىقات ۋە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان . ئەپسۇسكى، ئالىمنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا مۇنداق چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشى ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپلەر، خۇراپىي بىدئەتچىلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ھەسەت ئوتىنى تۇتاشتۇرغان . ئۇلار رەزىل ۋاستىلار بىلەن ئالىمغا زىيانكەشلىك قىلىش كويىغا چۈشكەن . ھەسەتخور نادانلارنىڭ غەيۋەت-شىكايەتلىرىگە نىشان بولۇپ قالغان . نازۇك تەبىئەتلىك، غەيرەتلىك بۇ ئالىم، يەكەن شەھىرىدە دەرد-ئەلەملەر بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇددەت ياشاشقا مەجبۇر بولغان . بۇ جەرياندا ئۇ قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ھەسەتخورلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان . بۇ شېئىرلار ئالىمنىڭ «بەرقى تەجەللى»، «سەبقى مۇجەللى»، «دىۋان ئەرەبى» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن . بۇ

مەزگىلدە ئۇ يېقىن بۇرادىرى موتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ① جان-دىلى بىلەن قوغدىشىغا ئېرىشىپ، بىرمەزگىل خاتىرجەم هايات كەچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، مەرپەت ئەھلىگە ھەسەت قىلىش، دۈشمەنلىك زەھىرىنى چېچىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئەبلەخلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى يەنە ئەۋجىگە چىققان، ھەتتا ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا تەجەللى ئۈستىدىن بىمەنە شىكايەتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاشىلا قىلغان. ئاخىر مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، ئۇ، يەكەننى تاشلاپ، قاغىلىققا كۆچۈپ كەتكەن. مۇتىئۇللا ئەلەم باشلىق يۇرت چوڭلىرى تەجەللىنى قاغىلىق بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، مۇدەررىسلىك قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بىراق ئالىم ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئانا يۇرتى — زۇڭلاڭ يېزىسىنىڭ ئايكەنت كەنتىگە ماكانلاشقان. بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بورا كەنتىگە كۆچۈپ، ئۇ يەردە تۆت يىل تۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گوما ناھىيىسىنىڭ كوھتامغا (هازىرقى كىلىياڭ يېزىسىنىڭ دەريا بويىغا) كۆچۈپ كەلگەن ۋە سوپۇرگە هاجىم دېگەن كىشىدىن 82 تەڭگىگە بىر يۇرۇش ئۆي، يەر، ئورمان سېتىۋالغان. كېيىن يەنە قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، شىر ئېرىق (شور ئېرىق) كەنتىدە ماكانلاشقان. ئالىم بۇ يەردە 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان. بۇ جەرياندا قاغىلىق مەدرىسلىرىگە كىرىپ مۇدەررىسلىك قىلغان.

---

① تۇرپانلىق كىشى، قاغىلىققا ئەلەم بولغان، 1908 -يىلى ۋاپات بولغان.

كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت
ئۇرۇقىنى چاچقان. ئالىمنىڭ شۆھرىتىدىن خەۋەر تاپقان قەش-
قەر، يەكەن، پوسكام، خوتەن... قاتارلىق يىراق-يېقىن جايلاردى-
كى بىر تۈركۈم تالىپلار ئۇنىڭ تەربىيىسىگە ھازىر بولۇپ،
ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىنىڭ خېلى يۇقىرى
مەلۇماتلىق كىشىلىرى دەپ ئاتالغان پېشقەدەم ئۆلىما-مۇدەر-
رىسلەرمۇ ئۆز بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تەجەل-
لىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن دەرس ئالغان. مەسىلەن، گۇ-
مىلىق ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، ئابدۇقادىر داموللام، يەكەن-
لىك سالىھ داموللام، ئۆزبېك زىرىپ قارىھاجىم، قەشقەرلىق
ئابدۇكېرىم زىيائى، پوسكاملىق ئىسراپىل داموللام، قاغىلىق-
لىق مۇتىئۇللا ئەلەم، ئابدۇۋايىت قازىئاخۇنۇم① قاتارلىقلار ئۇ-
نىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تەلىماتىدىن ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق
ئالغان. جۈملىدىن تاتارلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مۇسا جارۇللامۇ
تەجەللى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تېببىي ماھا-
رىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا ھەر خىل كېسەللەرنى، جۈملىدىن
يۈرەك، ئۆپكە كېسەللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپلا
قالماي، بەلكى بۈگۈنكى كۈندە داۋاسى تېپىلمايۋاتقان راك (سەر-
تان) كېسىلىنى يىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا داۋالاپ ساقايتقان.

---

① ئابدۇۋايىت قازى ئاخۇنۇم— قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەرھۇم ئەيسا شاكىرنىڭ بوۋىسى بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇ شارباش ۋە زۇڭلاڭ يېزىلىرىنىڭ قازىسى بولغان.

دورىگەرلىك جەھەتتە ، قەدىمكى تېببىي كىتابلاردىكى نۇسخىلار ۋە ئۆزى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن نۇسخىلار ئاساسىدا تەرياق ، ھەببى زۇفا ، ھەببى جەۋھىرى ئازاراقى ، پولات كۆشتىسى ، سىماب كۆشتىسى ۋە بەدەننى كۆچلەندۈرىدىغان ھالۋايى بەيزە قاتارلىق ئېسىل دورىلارنى ئىجاد قىلىپ ، خەلقنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان . ئۇ «تەجەللى نۇسخىلىرى» ناملىق رېتسىپنى قالدۇرۇپ كەتكەندىن باشقا نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان . ئۇ 7000 خىل دورا نامىنى بىلگەن . 5000 خىلچە دورا ياسىغان . ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان . خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدىكى داڭلىق تېۋىپ ، مۇدىر ۋراچ مەرھۇم تۇردى ھاجىم (1862ـ1987) ۋە قاغىلىقلىق يۈسۈپ ئەپەندىم ، ياسىن داموللام ، سەييىدىنا ئەپەندىم ، سادىق مەخسۇم ، گۇما ناھىيىسىدىن مەھمۇت ھاجىم ، ئىبراھىم ھاجىم ، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى ، مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بولغان داڭلىق تېۋىپلاردىدۇر .

تەجەللى ئۇقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ، تالىپلارغا مەزمۇنلارنى توغرا ئىزاھلاش ، توغرا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر كىتابلىرىنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلاپ ، شەرھىي يېزىپ مۇكەممەللەشتۈرگەن . XII ئەسىردە ياشىغان خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرى كەششاپ» ناملىق كىتابىنى يېڭىلاپ يېزىپ ، «تەجدىدى كەششاپ» نامى بىلەن ئىشلەپ چىققان .

تەجەللى جامائەتچىلىككە دىنىي ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ خېلى كۆپ ۋاقتى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلانغان . ئانا تىلىدا ئەدەبىيات ۋە تېبابەتكە دائىر مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى ياراتقان . جۈملىدىن ئۇ ، شېئىرىيەت ساھەسىدە زور كۈچ سەرپ قىلىپ ، ھىندى ، ئەرەب ، پارس ، ئوردۇ ، تۈرك تىللىرىدا كۆپلىگەن غەزەل ۋە قەسىدىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان ، ھەتتا خەنزۇ تىللىرىدىمۇ بەزى شېئىرلارنى يازغان . ئۇنىڭ تۈنجى شېئىرلار توپلىمى «بەرقى تەجەللى- سەبقى مۇجەللى» ئىلغار زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ، باھاۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قەشقەردە قۇرۇلغان ”مەتبەئەيى خۇرشىد“① مەتبەئەسىدە 1899 -يىلى 1000 نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ، ئالىمنىڭ نامى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ ، ئۇنى يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە قىلغان . نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەدىبلەر ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ، دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقان . مەسىلەن ، ئۇنىڭ قوقانلىق شائىر مۇھى ، فۇرقەت ، گۇملىق شائىر ئىسمائىل ھاجى قاتارلىقلار بىلەن ئالماشتۇرغان خەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر . تەجەللى مۇھىنىڭ خېتىگە نەزمە بىلەن مۇنداق جاۋاب قايتۇرغان② :

---

① قۇياش مەتبەئەسى دېگەن مەنىدە .

② نېمەتۇللا ئەبەيدۇللانىڭ «فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» دېگەن ماقالىسىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 - يىل 2 -سان .

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەسىھ① قولىدىن ،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم .
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك ،
سېنىڭ لەتىف مەكتۇبىڭنى بەردى ، سۆيۈندۈم .

. . .   . . .   . . .

فۇرقەت قەلبلەر تېۋىبىدۇر دائىم ساق بولسۇن ،
خەت تاپشۇرۇپ ، بىرەلىدى دىللەرگە شىپا .
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلى سەن ، سايراۋەر مۇدام ،
بۇ ئالەمدە نەۋائىدەك بولۇپ قال يەكتا .

بىز بۇ خەتتىن تەجەللىنىڭ مۇھىبا بولغان كۆڭۈل ئىزھا-
رىنى كۆرۈپ ئالالايمىز . ئالىم يەنە دىنىنىڭ زامان تەرەققىياتى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە بەزى ئىلغار قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ ، دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى چۈ-
شەندۈرمەيدىغان ، ئۇنى زامان تەرەققىياتى بىلەن قارىمۇقارشى
قويۇپ ، ھەممە نەرسىگە مۇتەئەسسىپلىك ، سوپىزملىق نۇقتىئى-
نەزىرى بىلەن قارايدىغان بىر قىسىم نادان ، جاھىل كۆچلەرنىڭ
ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغىنى ئۈچۈن ، ئۇلارمۇ تەجەللىگە نىس-

① مەسىھ— «تىرىلدۈرگۈچى» دېگەن سۆز بولۇپ ، ئەسلىدە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى .

بەتەن دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغان. ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىرى بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، جاي-جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەجەللىنىڭ كىتاب، ئەسەرلىرىنى يىغىپ يەكەندە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. كېيىنچە قاغىلىقلىق مۇھەممەت نىياز بېگىم دېگەن كىشى تەجەللىنى تەكلىپ قىلىپ، يېتىملىقۇم يې鯱زىسىنىڭ كاسكى مەھەللىسىگە ماكانلاشتۇرغان ۋە كەڭ كۈشادە باغلىق هويلا، ئىككى ئاتلىق مەپە قاتارلىقلارنى ھەدىيە قىلغان. تەجەللى بۇ يەردە 25 يىلغا يېقىن تۇرۇپ، 1925-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 12-كۈنى (چارشەنبە) كەچتە 69 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى كاسكى مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

## ئالىمنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى

تەجەللىنىڭ ئىجادىيىتى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىيپەرۋەرلىك خاھىشىغا، دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، يېقىنقى زامان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن مىللىي دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىزنى باغلاشتا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەجەللىنىڭ يېقىن دوستى ھەم شاگىرتى شەمسىدىن داموللام ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىش-

لاپ مۇنداق مەرسىيە يازغان :

فەۋتەل مۇجەللى فاما تەسسىدىقو ۋەلىئەدەبۇ ،
ۋەلغەزلۇ ۋەددىينۇ ۋەلىئەلىيائو ۋەننەسەبۇ .

[تەجەللى ۋاپات بولدى ، شۇنىڭ بىلەن ساداقەت ، ئىلىم ، ئەدەب ، دىيانەت ، ئالىي مەرتىۋە ، نەسەبمۇ ۋاپات بولدى .]

ۋەكانە تەببەن ئەسىييەن هازىقەن شەجىئەن ،
يەسۇلۇ شەئفەتەلەيسىن مالەهۇ رەهەبۇ .

[ئۇ بەكمۇ غەمخور ، ماهىر دوختۇر ئىدى . شۇنداق قەهرىمان ئىدىكى يولۋاسقىمۇ قورقمىغانھالداھەملەقىلالاتتى .]

ئەرافىلەن فىي بۇرۇدىننۇسھى ۋەررەشەدا ،
قەدكۇنتە قەرمەن ئىلەيھى يەرجىئۇل هەسەبۇ .

[ئەي ، خەلققە نەسىھەت قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاشنى ئۆزىگە كىيىم قىلغان زات ، سەن بارلىق شەرەپ مەنسۇپ بولغان ئۇلۇغ زات ئىدىڭ .]

شەهرۇسسىيامى ئەجەبتەل هەققەفىهى ۋەبىك ،
بەيتۇل ئەنامى بىدەمئىن هەتلۇهۇررەجەبۇ .

[رامىزان ئېيىدا ھەقىنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ ، دۇنيادىن ئۆتتۇڭ . شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلقىنىڭ ئائىلىلىرى كاتتا مۇسىبەت بىلەن ياش تۆكمەكتە .]

ۋەقەۋلوكەروھۇ مىن شېئىرىن ۋەمىن فىقەرىن ،
ھولۋۇن لەدەينا كەئەن فيي ئەبىھىمىززەرەبۇ .

[سېنىڭ شېئىر ۋە چاچما سەجئى سۆزلىرىڭ روھقا ئوخشايدۇ ھەم ئۇ بىز ئۈچۈن بەكمۇ شېرىن ، خۇددى ھەسەل ئارىلاشتۇرغاندەك .]

... ... ...

فەليەۋمە يەبكيكە ئەينۇل فەزلى ۋەل ئەدەبا ،
ۋەششەمسۇ فيي رەھەبىن لىررۇزئى ۋەسسۇھۇبۇ .

[بۈگۈن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ كۆزلىرى ، ئەدىب ، ئالىملارنىڭ كۆزلىرى ساڭا يىغلىماقتا ، قۇياش ، يۇلتۇزلارمۇ بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن قايغۇرماقتا .]

... ... ...

تىكەل قەسيدەتۇ ئەھرا كۈللۇ مىسرەئىفىها ،
بىئامى فەۋتىل مۇجەللى مىيرەتەن يەھەبۇ .

[بۇ قەسىدىنىڭ ھەربىر مىسراسى تەجەللىنىڭ ۋاپات يىلىـ.
نى تونۇتۇشتا كامىل ئۇزۇق بېرىدۇ .]

ئالىم ئوتتۇرا بوي ، چاچ-ساقاللىرى قويۇق ، ئۇستىخانلىـ.
ـرى چىڭ ، قاڭشارلىرى ئىنچىكە ، بۇغداي ئۆڭ ، كۆزلىرىدىن
تەپەككۇر نۇرلىرى يېغىپ تۇرىدىغان ، ئىرادىلىك كىشى بولۇپ ،
ئىلمىي مەشغۇلاتى كۆپ بولغاچ ئورۇقراق ئىدى . ئۇ ، ئۆمرىدە
ئۈچ ئوغۇل ، تۆت قىز پەرزەنت كۆرگەن ، بىر ئوغلى ۋە تۆت
قىزى چېچەك ، ۋابا كېسەللىرى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ ، ئوبۇل
ھۇداخان ، نۇرۇل ھۇداخان ئىسىملىك ئىككى ئوغلى ھايات قال-
غان . تەجەللى قاغىلىقتا قايتىشىدا ئوبۇل ھۇداخاننى بىللە ئې-
لىپ كېتىپ ، نۇرۇل ھۇداخاننى گۇمىنىڭ قوشتاغ يېزا ئىس-
مىسلا كەنتىدە ئۆيلەپ قويغان . ھازىر تەجەللىنىڭ 45
نەۋرە-چەۋرىسى بار . بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تۇركۇملىرى تېۋىپ
ۋە بىلىم ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى .

ھازىر بار بولغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئالىمنىڭ «بەر-
قى تەجەللى①» ، سەبقى مۇجەللى »②ناملىق 144 بەتلىك شېئىرلار
توپلىمى( بۇ توپلام «دىۋان تەجەللى» نامى بىلەن بۇلغارىيىدە

---

① «بەرقى تەجەللى» : تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان
نۇر .

② «سەبقى مۇجەللى» : تەجەللىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدا باشقىـ.
لاردىن ئېشىپ چۈشكەن شېئىرلىرى .

نەشر قىلىنغان ) ، «تۆھفەتۇل بەررەيىن»① (سۇلتان ئابدۇلھە-
مىت سانىگە شائىر تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان ) ، «دىۋان ئەرە-
بى»② ، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»③ ، «سەبدەرنامە»④ ، «تىلىس-
مى ئىشىق»⑤ ، «ساقىينامە» ، «مۇراققى كەلىمە شەرىف» نام-
لىق كىتاب ۋە توپلاملىرى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىنگەن .
ئالىمنىڭ ئۇيغۇرچە ، پارسچە ، ئەرەبچە شېئىرلىرىدىن مۇجەس-
سەملەنگەن 17 پارچە قەسىدە ، 31 پارچە مۇسەددەس ، 15 پارچە
ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلىرى ، دوستلىرىغا يازغان سالام خەت-
لىرى شېئىرىيىتىمىزگە قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ سانىلى-
دۇ . بۇ شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئالىمنىڭ ھايات چاغ-
لىرىدىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدرىس-
لەردە ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىنىپ ئوقۇتۇلغان . ئۇنىڭ شې-
ئىرلىرى ئوي-پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ئۆتكۈر پەلسەپىۋى-
لىكى ، تىلىنىڭ گۈزەللىكى ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ
خىللىقى قاتارلىق ئامىللار بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ .

ئالىمنىڭ نەزىرىدە ، بىلىم ئىگەللەش ، مائارىپ بىلەن شۇ-
غۇللىنىش خاسىيەتلىك ئىش بولۇپ ، دۇنياغا كېلىشتىن مەق-
سەت ، بەخت-سائادەت يارىتىش ۋە بىلىم ئېلىش ئۈچۈندۇر .

---

① «تۆھفەتۇل بەررەيىن» : ئىككى قۇرۇقلۇق ئۈچۈن تۆھپە .
② «دىۋان ئەرەبى» : ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلار توپلى-
مى .
③ ، «مەجمۇئەتۇل قەسائىد» : قەسىدىلەر توپلىمى .
④ «سەبدەرنامە» : قەھرىمانغا بېغىشلانغان ئەسەر .
⑤ «تىلىسمى ئىشىق» : مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى .

ۋە يېڭى مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى . بۇنى كۆرگەن تەجەللى مەدھىيە شېئىرى يېزىپ ، مازار ۋە مەكتەپ سالغۇچى ئۇستىلارغا ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتقان .

ھۇسەيىنخانىنىڭ( تەجەللىنىڭ) «بەرقى تەجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «قارا رەڭ ئاقتىن گۈزەل» ماۋزۇلۇق قەسىدىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر . تەجەللى بۇ قەسىدىسىدە ئۆتكۈر پەلسەپىۋى مۇلاھىزە ئارقىلىق "قارا" بىلەن "ئاق" نىڭ باغلىنىش ۋە زىددىيەتلىرىنى گۈزەل تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن . "ئاق" ، "قارا" سۆزلىرى باشتىن-ئاخىر مەجازى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇپ ، بۇنىڭدىن بىز پىشقان بىر پەيلاسوپنىڭ ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە بولغان ئوبيېكتىپ باھالىرىنى ، مەلۇم قىممەتكە ئىگە چۈشەنچىلىرىنى ھېس قىلالايمىز .

تەجەللى ئىجادىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە شۇنىمۇ ئېيتىشقا تېگىشلىككى ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىيات ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن . ھايات ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەنچە ۋە باھالار بىر قەدەر كەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا بەدىئىي سۈپەتلەش ۋاستىلىرى كۆپ ھەم جانلىق قوللىنىلغان :

بولدى چۈن زەررىن لەۋا سۇبھە ئاقلىقىدىن نۇرى بار ،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۈن فەۋجى فىرار .
كىيمىش ئېردى قارا ئەتلەستىن ھاۋا بىر تەيلىسان ،
ئانى مېھر ئەتتى زىيا تىرناغى بىرلە تار-تار .

ئالىم : ”ھايات گۈلىستانىغا شامالدەك ئۇچۇپ كىرىپ ، چىمەن ئىچرە بەزمە قۇرايلى“ دەپ يېزىپ ، ئەجىر ھەم مېھنەت بىلەن ھايات ھوزۇرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ . ئالىم مۇنداق يازىدۇ :

ھەقايىقدە گاھ ئەجدىھادەك ئۇرۇپ دەم ،
مەئارىفتە گاھ ئارسلاندەك يۈرەلىم .

[ھەقىقەت ئىلمىدە ئەجدىھاغا ئوخشاش دەم تارتىپ ، مائارىپتا يولۋاس سۈپەت يۈرەيلى .]

. . .        . . .        . . .

باھاردا ۋەفا يوق ، غەنىمەتتۇر ئول كىم ،
چىمەن ئىچرە بىز بەزمە ئىشرەت قۇرەلىم .

[باھارنىڭ ۋاپاسى يوق ، ئۇنى غەنىمەت بىلىپ ، گۈلشەن ئارا ئىشرەت بەزمىسى قۇرايلى .]

---

1895 -يىلى ئۇستۇن ئاتۇشلۇق مۇسا باي ھاجىنىڭ ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى بويىچە ، ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساقـتا ”ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم“ مازىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ”ھۇسەينىيە مەكتىپى“نىڭ چوڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى . بۇ قۇرۇلۇش 1896 -يىلدىن 1898 -يىلغىچە ئېلىپ بېرىلىپ ، كۆركەم مازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ ،
يۈپ يۈزىدىن قارەسىن كۆزگىدەك ئەتتى ئابدار .

[ سۇبھى ئاق نۇردىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەندى ، ئالەم سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گۇرۇھى قاچتى .]
[ قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا تۈننى قۇياش نۇرى-تىرنىقى بىلەن-تال-تال قىلىپ يىرتىۋەتتى .]
[ قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى (قاراڭغۇنى) يۇيۇپ ، سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك روشەن قىلدى .]
ھۇسەيىنخان ( تەجەللى ) نىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ، پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى شەرق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن جەملەنگەن «باياز »لاردا بېسىلغان . بۇنىڭدىن باشقا ، 1908 -يىلى ئابدۇقادىر داموللام نەشرگە تەييارلاپ ، تاشكەنتتە بېسىلغان «مىفتاھۇل ئەدەب » ( ئەدەبنىڭ ئاچقۇچى ) ناملىق كىتابقا ئۇنىڭ خېلى كۆپ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن .
شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ئادالەتسىزلىك ۋە تەڭسىزلىكنى چوڭقۇر پاش قىلىپ ، ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلاپ ، رەزىل ، ئىپلاس قىلمىشلارنى كەسكىن ئەيىبلىگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ 1910 -يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇقادىر داموللام ، شەمسىدىن داموللام ، ھۇسەيىنباي ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن «قۇرئان كەرىم »نىڭ تەپسىرىنى يازغان ، گەرچە تاماملانمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىرنەچچە پارىسى شەمسى-

دىن داموللامدا ساقلانغان ، ئەپسۇسكى شەمسىدىن دامموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يوقىتىپ قويغان . ئۇ يەنە مۇھەممەت ئەكبەر ئەرزانىنىڭ «تىببى ئەكبەر» ناملىق پارىچە كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان . ئەپسۇس بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن .

## ئالىمنىڭ قەبرىسى ، ئەسەرلىرىنىڭ رەتلىنىشى ھەمدە گۈمبىدىكى ئۆيىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى

تەجەللى دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ، قاغىلىق خەلقى ئالىمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ، قەبرىنىڭ ئەتراپىغا پەنجىرە ياسىغان ، بىر مو كۆلەمدە تام چۆرۈپ ، قەبرىنى دائىرە ئىچىگە ئالغان ، قەبرە قورۇسىغا چوڭ ياغاچ دەرۋازا بېكىتكەن . 1949 -يىلىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ ، مەزكۇر قەبرە قوغدىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ ، 1966 -يىلدىن 1976 -يىلغىچە بولغان ئون يىللىق ئاتالمىش "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىبارەت بالايىئاپەت يىللىرىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ،دەرۋازا ،ياغاچ پەنجىرىلەر جامائەت ئاشخانىسى ئۈچۈن ئوتۇن قىلىۋېتىلگەن . پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 -ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، خەلقىمىز "كاسكى مازار غوجام" نامى بىلەن ئەزىزلەپ كەلگەن ئۇلۇغ ئالىم تەجەللىنىڭ قەبرىسىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشتى . 1984 -يىلى 6 -ئاينىڭ 24 -كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكوم ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ، خەلق ھۆكۈمىتى ،

سىياسىي كېڭەش قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ناھىيە تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار، ئەدەبىي ھەۋەسكارلار قاتناشتۇرۇلغان يىغىن چاقىرىپ، تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرى، ھاياتىغا دائىر ماتې-رىياللارنى توپلاش، رەتلەش ئىشىنى تەشكىللىدى ھەمدە ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 33 كىشىلىك ھەيئەت تەشكىللىدى. بۇ ھەيئەت، ئالىمنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە ئائىت ما-تېرىياللارنى توپلاش، مەقبەرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىش مۇراجىئەتنامىسى چىقاردى. ئۇزۇنغا بارمايلا زىيالىيلار، خىزمەتچىلەر، يەككە تىجارەتچىلەر 23 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىشتى. ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن 2000 يۈەن ئاج-رىتىلدى. ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئار-قىسىدا، ئالىمنىڭ قەبرىسى قاغىلىق بازارلىق ھۆكۈمەت 2 -بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى، بېھىشتىېرىق يېزىسى ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇستىلار تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈ-رۈلدى. بۇ قېتىم 630 كۋادرات مېتىرلىق دائىرىگە پىششىق خىش بىلەن قورۇ تېمى چۆرۈلدى، قەبرە نەقىشلىنىپ كۆركەم-لەشتۈرۈلدى، قەبرە ئالدىغا گۈمبەز چىقىرىلدى. چوڭ قاتناش يولىدىن قەبرىگىچە تۆت مېتىر كەڭلىكتە، 600 مېتىر ئۇزۇن-لۇقتا تاشيول ياسالدى. 1985 -يىلى 9- ئاينىڭ 25 -كۈنى قەبرە رەسمىي پۈتۈپ قەد كۆتۈردى، گۈمبەز ئالدىغا 200 تۈپتىن ئارتۇق تۈرلۈك كۆچەتلەر تىكىلىپ، ئورمان ئەھيا قىلىندى. 1985 -يىلدىن 1991 -يىلى 3 -ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر بۇ قەبرىنى رايونىمىز ۋە چەت ئەللەردىن بولۇپ 39 مىڭچە كىشى زىيارەت قىلدى.

ئالىمنىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى ئۆيىمۇ ھازىرغا قەدەر ناھىيە ئىگىدارچىلىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى سۈپىتىدە قوغدىلىپ كېلىندى . لېكىن بۇ ئۆي 1967-يىلدىكى "تۆت كونا"نى يوقىتىش پەيتلىرىدە كوللېكتىپنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساقلاش ئامبىرى قىلىنۋېلىنغان . ئۆي ئىككى ئېغىز بولۇپ ، ھەر بىرى 42 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ . ئۆينىڭ ئۈستى ۋاسا بىلەن گۈل چىقىرىلىپ بېزەلگەن ، تاملىرى گەج بىلەن نەقىشلەنگەن . ئۆي شىمالغا قارىتىلىپ سېلىنغان بولۇپ ، شەرقىي يان تەرىپىدە بىرنەچچە توپ ئۇجمە دەرىخى بار . 1979-يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئۆينىڭ تارىخىنى قايتا بېكىتتى ، مەخسۇس خادىملارنى قويدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ، رەتلەش ئىشخانىسى ، مەدەنىيەت ، مائارىپ باشقارمىلىرىدىن خادىم ئاجرىتىلىپ ، بۇ ئۆي ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى . 1988-يىلى گۇما ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ، مائارىپ ئىدارىسى بۇ ئۆينىڭ تارىخى ئۈستىدە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، يېڭىباشتىن ناھىيە تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتتى .

ئالىمنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەش ، ئەسەرلىرىنى توپلاش خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەندى . قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەپسىرىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قاتناشقان دىنىي زات

ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييار-لىشى بىلەن 1984-يىلى 9-ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «تەجەللى-مۇجەللى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇلاردىن باشقا تەجەللىنىڭ «بەرقى تەجەللى — سەبىقى مۇجەللى» ناملىق كىتابى يېقىنقى يىللاردا تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

تەجەللى ئەسەرلىرىنى ئىزدەش خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەندى. يېقىندىن بۇيان تەجەللىنىڭ ئاق كېسەل قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن يازغان 80 پارچىدەك يەككە دورىلار رېتسېپى ۋە دوستلىرىغا يازغان 280 پارچىدەك ئەرەبچە، پارسچە، تۈرك-چە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە شېئىرىي سالاملىرى، «تۆھپەتۇل بەررەيىن»، «دىۋانى ئەرەب»، «بەرقى تەجەللى»، «سەبىقى مۇ-جەللى»، «مەجمەئەتۇل قەسائىد» قاتارلىق كىتابلىرى، ھاياتلى-قىدا ئىشلەتكەن سەللىسى، راك بىلەن ئاغرىغان بىمارغا تاماق بەرگەن چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تەخسىسى، ھاسا قاتارلىق نەرسىلىرى تېپىلغان، ئاسترونومىيە ھەققىدە يازغان بىر پارچە قولىيازما كىتابى يەكەن مەدەنىيەت يۇرتى تەرد-پىدىن ساقلانغان بولۇپ، 1958-يىلى ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈ-رۈش ئۈچۈن بېيجىڭدىن كەلگەن خادىملار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى»نىڭ 456-بېتىدە، مەۋلانە ھۈسەيىن ئى-سىملىك بىر كىشىنىڭ «تەمەتىل ھەۋاشى ئىزلەتىل غەۋاس» ناملىق بىر كىتاب يازغانلىقى قەيت قىلىنغان بولۇپ، قارىشىمچە بۇ ھەم تەجەللى يازغان كىتاب بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

تەجەللى دۇنيا ئىلىم-پەن مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇنا-
سىپ ئۇلۇغ پەيلاسوپ ، ئاسترونوم ، ئالىم ، ئەدىب ، شائىر ،
خەلقپەرۋەر تېۋىپ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە
قەبرىسىنىڭ قايتىدىن ياسىلىشى خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ، مەدە-
نىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى .

—تۈزگۈچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

### 1

كۆڭلۈم قەيدىدىن ئافەت سىنادىن شىكەن ئىستەر ،
مەنسۇر بولۇبدۇر موكى دارىنىسىنى ئىستەر .
كۆڭلۈم ئېتەر ئول ھەلقە گېيسونى تەسۋىر ،
دىۋانە مەجنۇن دەشتى بەيتۇلھەزان ئىستەر .
باغرىنى باسىپ تاشقا يوتار قان مەندەك ،
ھەر كىم سەنەم سەندەك گۈل بەدەن ئىستەر .
ئىستەر ھەرەم ئىشقىنى مەجنۇن كەبى مەيدىن ،
بۇ ئەقىل ئىلە گۇمراھ ئولانلار قاچان ئىستەر .
نەشىنلىغىغە جان دىلىم مەيىل قىلورلار ،
شىرىننى لىبى خىسرو ئىلەكوھكەن ئىستەر .
بۇ تەلبە كۆڭۈل توبە بىلەن باغلاسا يامان ،
كۆرگەچ سېنى پەيمانە پەيمان شىكەن ئىستەر .
كۆڭلۈم يەنە مەستانە ئوقۇر سورائى يۇسۇپ ،
يەئنى سىنى ئەيساقى گۈل پىرەھىدىن ئىستەر .
زىبا سەنەم بادەئى گۈلرەڭسىز ئولماس ،
ھەر كىمسەكى لۇتۇق كىرەم زۇلمەنەن ئىستەر .
مەستانە ناۋا بىرلە قويايى كەئبە سارى يوز ،
كىم يولدا مېنى موغبە جەئى رامىزان ئىستەر .

مەھۋ ئۇلدى مىيانىڭدا خىيالىم بۇ سەبەبدىن ،
ۋەقىت قىلبان قىل كەبى نازۇك سوخەن ئىستەر .
سوردۇڭكى نە ئىستەرسىز كويۇمدا تەجەللى ،
مىننەت كۆزىگە ئەي گولرەئنا تىكەن ئىستەر .

2

يىرىدور ماڭا ھىجران ئىلكىدىن فەريادلار قىلسام ،
بارىپ ھەق ئالدىدا دوستى ھەلەكدىن دادلار قىلسام .
ئەگەرچە دادىمە يەتسە چاقىبان ئىشىق چاقماقىن ،
فەلەكنىڭ ئۆيىگە ئوتلار قويۇبان بەربادلار قىلسام .
مېنى بىر دەم خالاس ئەت ئەي بىرادەر غوسسەۋە غەمدىن ،
ئانىڭ يادى بىلەن بىردەم كۆڭۈللەر شادلار قىلسام .
مېنىڭ ھالىم ئەگەر ئىشىق ئەھلى كۆرسە زار يىغلايدۇر ،
ئەگەر دەردى غەمىڭدىن زەررە بونيادلار قىلسام .
ئۇ شولكىم غەرقى دەريايى مۇھەببەت بىرلە مەشرەبدۇر ،
دىلۇ جانىم بىلەن ھەردەم خۇداغا دادلار قىلسام .

3

شەھدى شكەردىن ئارتوغوم ئارامى جانىم كەلدىلار ،
كۆڭۈل ئۆيىنى كۆرگىلى روھى راۋانىم كەلدىلار .
كېتىپ ئىدى ئەقلۇ ھوشوم پىلىپ توزار فەرما يېشىم ،
يوقتۇر ئۇلاردەك ھېچكىشىم شىرىن زابانىم كەلدىلار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساقى ماڭا سوندى قەدەھ مەيغور ئىدىم مەن ئىشقىدە ،
شەھرى ۋۇجۇدۇم شەھرىغە شاھى جاھانىم كەلدىلار .
ياد ئەيلەر ئەردىم ناگاھ كەلمەيمۇ سەن ئەي پادشاھ ،
بولدى روھىم چۇن كەھرىبا روھى راۋانىم كەلدىلار .
دائىم مودام ھەيران ئىدىم ئىشقىدا سەرگەردان ئىدىم ،
مەن مەشرەبى گىريان ئىدىم بىر يارى جانىم كەلدىلار .

4

ئىشقىڭ ئوتىغا كۆيگەلى كەلدىم ،
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم .
سەۋدايى ئىشقىڭ باشىمغا توشتى ،
سەندىن سوئالى سورغالى كەلدىم .
ھىجرىغە كىردىم غەۋۋاس بولدۇم ،
ھەر زەرى مەقسود ئالغالى كەلدىم .
مەندىن سورىساڭ ئەي گولفىدا رىم ،
مەھۋى جامالىڭ بولغالى كەلدىم .
ئاسى قۇلۇڭمەن ياندىم گۇنادىن ،
ھەمدى سىنانى ئەيغالى كەلدىم .
قاغىلە كەتتى مەنزىلگە يەتتى ،
مەنھەم بارايدەپ كەتغەلى كەلدىم .
كۆردۈم جامالىڭ يەتتىم ئۈزۈمدىن ،
مەجنۇنى شەيدا بولغالى كەلدىم .
ئەي ساقى دەۋران قىلغىل مۇھەييا ،

ۋەھدەت مەيدىن ئىچكەلى كەلدىم .
رەھمەت ئىشكىن مەشرەپكە ئاچقىل ،
ئىشقىڭ كويىدا كەتكەلى كەلدىم .

5

سەراپا نازاكەت بىلەن يارلار ،
خولسون كوركى كۆزى خۇمارلار .
ئادا قىلماغا ئاشىق زارلار ،
سەتەمكارلاردور سەتەمكارلار .
كېلىپ لۇتق ئەيلە مېنى مەست ئەيلەيىن ،
كېچە بەزى ئارام ھەم نىشەست ئەيلەيىن .
مېنى خەستەنى يەرگە فەست ئەيلەيىن ،
جافاكارلاردۇر جافاكارلار .
قىلىپ باغرىمە ناز ئىلە چاك-چاك ،
ئىككى كۆزلەرى جانىم ئەتتى ھالاك .
ئاڭا ئەقلىم ئىدىكى روھى قىلاك ،
فاناكارلاردۇر فاناكارلار .
ئۆزىگە چىكىپ سۇرمە ئول سىمتەن
پەرىزاد شەكەرلەب خوش نوسخىھەن ،
سەير ئەيلەدى جۇملە خەلق مەن .
بۇغەدارلاردۇر بۇغەدارلار ،
توشۇپ زۇلق يۈز چىن ئىلە يۈزىگە .
ئادا ئەيلەدى ئانى بىر سۆزىگە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆكۈل قۇشلىرى ئەيد ئىدى كۆزىگە .
نىگونىسالاردۇر نىگونىسالار ،
ئەگەر چەند دەۋران دەير ئەيلەدى .
بالالارغا سالدى ئەسىر ئەيلەدى ،
غەم دەرد ئىلىگە ئەسىر ئەيلەدى .
بوخون خوۋارلاردۇر بوخون خوۋارلار ،
قىلىپ جىلۋە ئول ساقى سىمىتەن .
پەرىزاد خوش جىلۋە شىرىن-سوخەن ،
بۇ دەھىر ئىچرە يوقتۇر ئەسىر ئولمىغان .
گىرىفتارلاردۇر گىرىفتارلار ،
كۆكۈل مۇلكىگە سالدى تەشۋىبلار ،
ئەسىر ئەيلىدى جوملە مەھبۇبلار .
بالا دامغا قەيىد ئولۇب خوبلار .
ۋافادارلاردۇر ۋافادارلار .
چوفەرغانىدىن چىقتى ئول ماھتاب ،
تۆكەر لەبلىرىدىن تۇمەن ئافتاب .
ئەسىر ئەيلەدى جوملە شەھرو كىتاب ،
بۇ دىلدارلاردۇر بۇ دىلدارلار .
كىتور ساقى يا جام توت مەي ماڭا ،
مويەسسەر ئەمەس قولاق توتماق ماڭا .
ئەگەر چەند خاقان چىن دۇر ئاڭا ،
جىلۋەدارلاردور جىلۋەدارلار .
دېدىم ئەي پەرى دەردىمە قىل داۋا ،
كۆرۈپ ئەردى ئولشوخ گولگون قابا .

مىر قىسىچ نى دەردىگە يوقتۇر داۋا ،
ئەجەب يارلاردۇر ئەجەب يارلار .

6

قەدىم خەم لەيلى قاشلىرى ياسىدىن ،
خاراپ ئۇلماغىم چەشىم شەھلاسىدىن .
كۆزۈم تافى ئۇل تەمەنناسىدىن ،
جونونوم ئۇشول زۇلف سوداسىدىن .
نىگونىسارلاردۇر نىگونىسارلار ،

كۆزۈڭدۇر ماڭا قىنىدا بەرپا قىلان .
باشىم ئۇزرە نور شورغوغا قىلان ،
مېنى ھالىم ئەھلىغە رەسۋا قىلان .
كۆڭۈل مەنزىرى ئىچرە ياغما قىلان ،
بۇ ئەييارلاردۇر بۇ ئەييارلار .

چىمەندە خىرام ئەيلەمىش ئۇل پەرى ،
قىلىپ جىلۋە ئانداقكى كەبوك ۋەرى .
يۈز ئۇستىدە گۈل بەرگىدىن جادورى ،
باش ئۇزرە سىپالغان قىزىل مەئچرى .
گۈلى نارلار ئەتىرگۈل نارلار .

پەرى چېھرىلار كىم جافا قىلدىلار ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غەم دەرد ئىلە مۇپتىلا قىلدىلار ،
مۇھەببەت ئىلە تەشنا قىلدىلار ،
مېنى روزگارىم قارا قىلدىلار ،
سىيەھكارلاردۇر سىياھكارلار .

چو مەن قاشى يالارگە قۇربانىم ،
گىرىفتارى ھىجران زىندانىم ،
بۇ قاتىل لارە تىغ مىژگانىم ،
نە زۇلۇم ئەتسەلار جانىمە بارىم .
دىل ئازارلاردۇر دىل ئازارلار .

بۇ دەشت ئىچرە مەجنون قىلورلار مېنى ،
سىرىشكىمنى جەيھون قىلورلار مېنى ،
كوزوم ياشى گۇلگۇن قىلورلار مېنى ،
دەما دەم جىگەرخون قىلورلار مېنى ،
جافا كارلاردۇر جافاكارلار .

تەئەججۇبكى بۇ بىر نىچە دىلرابا ،
دېمەسلاركى بۇ شاھ ئىرورىيا گادا ،
ئەگەر چەنىد خان زامانىم ماگا ،
ھەمە ئەلدىن ئارتۇق قىلورلار جافا ،
ئەجەب يارلار ئەجەب يارلار .

---

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 97-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى .

## مۇبارەك①

تىغى ھىلالە ئوخشار ئى دىل ساڭا مۇبارەك ،
ئېيدى شاھادەتىڭنى قىلسۇن خۇدا مۇبارەك .

[سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قىلىچ يېڭى چىققان ئايغا ئوخشايدۇ ، ئەي دىل ساڭا مۇبارەك بولسۇن ،شەھىد (قۇربان ) بولۇش بايرىمىڭنى تەڭرى مۇبارەك قىلسۇن .]

سەن شەيخ زۇھد شىۋە ، مەن رىندى ئىشىق پىشە ،
كەۋسەر ساڭا مۇسەللەم ، سەھبا ماڭا مۇبارەك .

[ئەي شەيخ سەن تەقۋادارلىقنى ئادەت قىلدىڭ ، مەن ئىشق-نىڭ مەيخورلىقىنى كەسىپ قىلدىم . كەۋسەر ساڭا بولسۇن ، قىزىل شاراب ماڭا قۇتاتسۇن .]

مەيخانە ئەھلى بولكىم ، مۇتلەق سائادەت ئاندا ،
كىم زۇھد مۇھتەمىلىدۇر يا شۇم يا مۇبارەك .

---

① 1980-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىن-دى . نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرېشىد ئىسلام .

[مەيخانە ئەھلى بولغىنىكى ، مۇتلەق بەخت مەيخانىدا ؛ تەقۋا-دارلىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇقتا ئېلىپ بارامدۇ ياكى ياخشىلىقتا ئېلىپ بارامدۇ ، بۇ ئېنىق ئەمەس .]

گۈلگۈنە قويمىش ئۇل ماھ ، سەن قانە باتتىڭ ئى كۆز ،
مىژگانىڭ ئىلكى ئۇزرە رەڭگى ھىنا مۇبارەك .

[ئۇ ئاي يۈزگە ئەڭلىك سۈرتۈپتۇ ، ئەي كۆزۈم قانغا غەرق بولدۇڭ ، كىرپىكىڭ يارنىڭ قولىدىكى خېنىنىڭ رەڭگىگە ئوخ-شاپ قالدى ، بۇ ساڭا مۇبارەك بولسۇن .]

ئالىمغە چىقتى ئۇل ماھ ، بولدى رەقىب ھايىل ،
گويا خۇسۇفدۇر بۇ ، يۈز قارە نامۇبارەك .

[ئۇ ئاي يۈزلۈك ئالدىمغا چىققان ئىدى ، رەقىب توسالغۇ بولدى ، گويا ئاي تۇتۇلغاندەك بولدى ، ياكى مەن ئۈچۈن قارا يۈزلۈك كېلىشمەسلىك بولدى .]

بول رەڭگى بىرلە چىقساڭ ئالەمگە ئوت ياقارسەن ،
ئى شوخ سەرۋ قامەت گۈلگۈن قابا مۇبارەك .

[مۇنداق ياسىنىپ چىقساڭ ئالەمگە ئوت ياقىسەن ، ئەي سەرۋى بويلۇق شوخ يار ، قىزىل رەڭلىك كىيىملىرىڭ مۇبارەك بولسۇن .]

سەن شوخ مەست قاتىل ، مەن ئاشىقى رىزاجۇي ،
سەندىن جافا مۇناسىپ ، مەندىن ۋافا مۇبارەك .

[سەن شوخ مەست قاتىلسەن ، مەن مەرھەمەت ئىزدىگۈچى ئاشىق ، سېنىڭ جەۋرى-جاپا قىلىشىڭ مۇناسىپ ، مېنىڭ ساداقەت ۋاپادارلىق قىلىشىم مۇبارەك ئىش .]

ئۇششاقە زۇلفۇ چەشمىڭ بولسا بالا ۋە فىتنە ،
ئۇل فىتنە ھەم ھۇمايۇن ھەم ئول بالا مۇبارەك .

[ئاشىقلارغا چېچىڭ بىلەن كۆزۈڭ بالايىئاپەت ۋە پىتنە بولسا ، مۇنداق پىتنە بىر بەخت ۋە ئۇبالايىئاپەتمۇبارەكتۇر .]

بۇسە سۇئالىن ئەتسەم خامۇش ئولۇركى گويا ،
زەئىمىدەدۇر "نەئەم" شۇم ئانداغى "لا" مۇبارەك .

[سۆيۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلسام شۈك بولۇۋالىدۇ ، ئۇنىڭ پىكرىدە "ماقۇل" دېيىش بىر يامانلىق ، "ياق" دېيىش ياخشىلىق ئىكەن .]

ھەر دەردۇ غەم كى ئانى ، ئىشقكى دىن ئالسا ساتىپ ،
كوڭلۇم سەدا چېكەر بۇ ، يا سەئد يا مۇبارەك .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



[قانداق دەردۇغەم بولسا، ئۇنى ئىشق ئويىدىن سېتىپ ئالسا، بۇ بەختلىك بولارمۇ يا مۇبارەك بولارمۇ دەپ كۆڭلۈم پىغان چېكىدۇ.]

بۇ رەسىم نامۇبارەك تەلىم كىمدىن ئالدىڭ؟
مەندىن يۈزۈڭ يوشۇردۇڭ ئى گۇل هايا مۇبارەك.

[مۇنداق قاملاشمىغان ئادەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ مەندىن يۈزۈڭنى يوشۇردۇڭ، ئەي گۇل، بۇ هايا قىلىشىڭ مۇبارەك بولسۇن.]

سەرمايەئى خىرەدغە زۇلفۇڭ جۇنۇنىن ئالدىم،
يارەبكى بولماسۇن بۇ سەۋدايى نامۇبارەك.

[ئەقلىنىڭ سەرمايىسىغا چېچىڭدىن جۇنۇنلۇقنى سېتىۋالدىم، ئەي تەڭرى مېنىڭ بۇ قىلغان سودام يامان ئاقىۋەتلىك بولمىسۇن.]

ساچىڭغا خوش ئاسىلمىش كوڭلۇم بالانى ئىستەپ،
دامانىدە سەخىنىڭ دەستى گەدا مۇبارەك.

[كۆڭلۇم بالائىئاپەتنى ئىزدەپ سېنىڭ چېچىڭغا ئېسىلدى، سېخىينىڭ پېشىگە ئېسىلغان گادايىنىڭ قولى مۇبارەك بولسۇن.]

يۈز قويىدى خانەقاھدىن مەيخانەغە تەجەللى ،
جامى شاراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك .

[تەجەللى خانىقادىن مەيخانىغا يۈزلەندى ، شاراب قەدەھنى قولغا ئېلىش بىلەن رىيادىن قۇتۇلغانلىقى مۇبارەك بولسۇن .]

## مېھنەت تاغى

سەنسىز ئولسام باغ ئارا ئول باغ مېھنەت تاغىدۇر ،
سەن بىلەن تاغ ئىچرە يۈرسەم تاغ جەننەت باغىدۇر .

[سەن بولمىساڭ باغ ئىچىدە يۈرگۈنۈم بىلەن ، ئۇ باغ ماڭا زۇلۇمنىڭ تېغىدۇر ، سەن بىلەن تاغدا بىللە يۈرسەم ئۇ تاغ ماڭا جەننەتنىڭ بېغىدۇر .]

ئى نىھالى ھۆسنى لۇتفۇڭ سايەسىن باشىمغە سال ،
كىم يۈزۈم ئىشقىڭ سەمومىدىن خازان ياپراغىدۇر .

[ئەي ھۆسنى جامالىڭ ياش كۆچىتى ، مەرھەمىتىڭنىڭ سايىسىنى بېشىمغا سال ، چۈنكى ئىشقىڭنىڭ سەمومىدىن① يۈزۈم غازاڭدەك قۇرۇپ كەتتى .]

---

① سەموم— ئىسسىق شامال .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈز تۈمەن ئەرمان زېمىنى كىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئېرور ،
دەرد ئاڭا ساھىپ تەسەررۇپ ، غەم ئۇنىڭ ئورتاغىدۇر .

[ مېنىڭ كۆڭلۈم يۈز تۈمەن ئارمان-ھەسرەتنىڭ جايى بو-
لۇپ قالدى . دەرد-ئەلەم كۆڭلۈمنى ئىگەللەپ ئالدى ، غەم-قايغۇ
شېرىك-ھەمراھى بولدى .]

گەر جاھانى ئىشق ئىچرە بولسا سۇبھو ئاپتاپ ،
ئول مېنىڭ چاكى گېرىبانىم بۇ كۆڭلۈم داغىدۇر .

[ ئەگەر ئىشق دۇنياسى ئىچىدە تاڭ يورۇپ قۇياش چىقسا ،
بۇ سۇبھىنىڭ ئۇپۇق يېرىپ چىقىشى ، مېنىڭ ياقامنىڭ يىرتىلى-
شى ، قۇياش كۆڭلۈمدىكى ھەسرەت دېغى .]

دەۋلىتى ھۆسنۇ شارابى ناز ئىلە خۇشۋەقت سەن ،
ئىلتىپات ئەت بۇ گاداغا كىم ساخاۋەت چاغىدۇر .

[ سەن ھۆسن-جامالنىڭ دۆلىتى بىلەن ، شاراب ھەم شوخ-
لۇق بىلەن ۋاقتىڭنى خۇش ئۆتكۈزىسەن ، بۇ گادايغا ئىلتىپات
قىلىشىڭ خەير-ساخاۋەت قىلىشىڭ ۋاقتىدۇر .]

ئىشق ھۆسنۈڭ بەزمىدە بىر شەمئى ياقمىشتۇركىم ئول ،
رىشتەئى جانىم بىلەن بۇ ئىككى كۆزلا ياغىدۇر .

[ئىشق سېنىڭ ھۆسنۈڭنىڭ بەزمىسىدە بىر چىراغ يېقىپتۇ، جېنىمنىڭ رىشتىسى پىلىك بولسا، ئىككى كۆزۈم ئۇ چىراغنىڭ يېغىدۇر.]

ئىشق ئەپسۇنساز بىر ئەييار لۇئبەتباز ئىرۇر،
كىم مەلامەت سول قولى، رەسۋالىغ ئانىڭ ساغىدۇر.

[ئىشق مۇھەببەت بىر ئالدامچى-كۆز بويىغۇچى نەيرەڭۋاز، تەنە مەلامەت ئۇنىڭ سول قولى، رەسۋالىق ئوڭ قولىدۇر.]

غەمزە بىرلەن باغلادى ئېل ئۇيقۇسىن ساھىر كۆزۈڭ،
بىخۇد ئەتكەن ھەم مېنى ئۇشبۇ ئەنىڭ ئەرباغىدۇر.

[غەمزە بىلەن سېھرىگەر كۆزۈڭ خەلقىنىڭ ئۇيقۇسىنى باغلىۋەتتى، مېنى بىخۇد قىلغانمۇ ئۇنىڭ نازلىنىپ قاراشلىرىدۇر.]

سەنسىز ئاچىلماس تەجەللى خاتىرىدىن ئۇقدەلەر،
كىم ھىلالى ئەيد ئانىڭ زەخمىنە غەم تىرناغىدۇر.

[تەجەللىنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلار سەنسىز ئېچىلمايدۇ، چۈنكى سېنىڭ يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش ئەگمە قېشىڭ ئۇنىڭ يارا-جاراھىتىنى تاتىلايدىغان تىرناقتۇر.]

www.uyghurkitap.com



## كۆڭلۈم

كوڭلۈم قەدىدىن ئافەتۇ، ساچىدىن شىكەن ئىستەر،
مەنسۇر بولۇپتۇرمۇكى دارۇ رەسەن ئىستەر.

[كۆڭلۈم يارنىڭ بوي-تۇرقىدىن ئاپەت، چېچىدىن كىشەن ئىزدەيدۇ، مەنسۇر ھەللاج بولدىمىكىن دار بىلەن ئارغامچا ئىزدەيدۇ.]

كوڭلۈم ئىتەر ئول ھەلقەئى گىسۇنى تەسەۋۋۇر،
دىۋانە جۇنۇن دەشتىدە بەيتۇل ھەزەن ئىستەر.

[كۆڭلۈم ئۇنىڭ چىگىملەك چېچىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، گويا ساراڭ جۇنۇنلۇق سەھراسىدا غەم ئۆيىنى ئىزدىگەندەك.]

باغرىنى باسىپ تاشقا، يۇتەر قانىنى مەندەك،
ھەر كىم سەنەمى سەڭگىدىل گۇل بەدەن ئىستەر.

[كىمكى تاش يۈرەك گۈل بەدەن يارنى ئىزدىسە، باغرىنى تاشقا ئۇرۇپ ماڭا ئوخشاش قان يۇتىدۇ.]

ئىستەر ھەرەمى ئىشقنى مەجنۇن كەبى مەھدى،
بۇ ئەقل ئىلە گۇمراھ ئۇلانلار قاچان ئىستەر.

[ كۆڭۈل مەجنۇنغا ئوخشاش ئىشقىنىڭ خاس جايىنى ئىزدەي-
دۇ ، ئەقلىدىن ئازغانلار ئىشق پاناگاھىنى قاچان ئىزدەپ تاپالى-
سۇن . ]

نوشىن لەبىغە جانۇدىلىم مەيل قىلۇرلار ،
شېرىننى بەلى خىسراۋ ئىلە كوھكەن ئىستەر .

[ ئۇنىڭ شېرىن لېۋىگە جانۇدىلىم مايىل بولىدۇ ، شېرىننى
خىسراۋ بىلەن تاغ كەسكۈچى پەرھات ئىزدىگەندەك . ]

بۇ تەلبە كۆڭۈل تەۋبە بىلە باغلاسا پەيمان ،
كۆرگەچ سېنى پەيمانەئى پەيمان شكەن ئىستەر .

[ بۇ تەلۋە كۆڭلۈم توۋا قىلىپ ، ئىشقتىن قايتىشنى ئەھدى
قىلسا ، سېنى كۆرۈپلا ئۆز ئەھدىسىدىن يېنىۋېلىشنى ئىزدەيدۇ . ]

كوڭلۇم يەنە مەستانە ئوقۇر سۇرەئى يۇسۇپ ،
يەئنى سېنى ئى ساقى گۇل پىيرەھەن ئىستەر .

[ كۆڭلۇم يەنىلا مەستلەرچە سورە يۇسۇپنى① ئوقۇيدۇ ، يەنى

① سورە يۇسۇپ— قۇرئاندا بايان قىلىنغان يۇسۇپ بىلەن زۇلەي-
خانىڭ مۇھەببەت قىسسىسى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەي گۈلدىن كۆيىنەك كىيگەن مەي تۇتقۇچى : كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ .]

زىبا سەنەمۇ بادەئى گۈل رەڭسىز ئولماس ،
ھەر كىمسەكى لۇتفۇ كەرەمى زۇلمىندىن ئىستەر .

[كىمكى ئېھسان ئىگىسىنىڭ رەھىم-شەپقىتىنى ئىزدىسە ، مۇنداق رەھىم-شەپقەت گۈزەل سەنەمسىز ۋە گۈل رەڭلىك مەي-سىز بولمايدۇ .]

مەستانە نەۋا بىرلە قوياي كەئبە سارى يۈز ،
كىم يولدە مېنى مۇغبەچەئى راھزەن ئىستەر .

[مەست ھالەتتە ناۋا ئوقۇپ كەئبە تەرەپكە ماڭاي ، چۈنكى كەئبە يولىدا مەي ساتقۇچى قاراقچى مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ .]

مەھۇ ئولدى مىيانىڭدە خەيالىم بۇ سەبەبدىن ،
دىققەت قىلىبان قىل كىبى نازۇك سۇخەن ئىستەر .

[بېلىڭنى كۆرۈپ ھوشۇمنى يوقاتتىم ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، دىققەت قىلىپ قىلغا ئوخشاش نازۇك سۆزلىرىڭنى ئىزدەيمەن .]

سوردىڭكى نە ئىستەر سەرى كوينىدە تەجەللى ،
مىننەت كۆزىغە ئى گۈلى رەئنا تىكەن ئىستەر .

[تەجەللى كوچىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ نېمە ئىزدەيدىكەن دەپ سوراپسەن ، ئەي رەنا گۈل ، تەجەللى مىنىنەتنىڭ كۆزىگە سانجىلىدىغان تىكەن ئىزدەيدۇ.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قەسىدە

(شائىر بۇ قەسىدىنى قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ
سېلىمئاخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلىغان)

بولدى چۇن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىقىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۇن فەۋجى فىرار.

[سۇبھى ئاق نۇرىدىن ئالتۇن بايرىقىنى تىكلىگەندى، ئالەم
سەھنىسىدىن تۈننىڭ قارا گورۇھى قاچتى.]

كىمىش ئەردى قارا ئەتلەستىن ھەۋا بىر تەيلىسان،
ئانى مىھر ئەتتى زىبا تىرناغى بىرلە تار-تار.

[قارا ئەتلەستىن پۈركەنجى تون كىيىۋالغان ھاۋانىڭ قارا
توننى قۇياش نۇر تىرنىقى بىلەن تال-تال قىلىپ يىرتىۋەتتى.]

چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ-
يۈپ يۈزىدىن قارەسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار.

[قۇياش بۇلىقىنىڭ نۇر دولقۇنلىرى جاھاننىڭ يۈزىدىكى قارىنى (قاراڭغۇنى ) يۇيۇپ سۈپۈرۈپ ئەينەكتەك روشەن قىلدى .]

لېكىن ئۆلمىش كۆزلەرىمدە گەرچە مەن خەففاش ئېمەس ،
ئۇيلە ئالەم قارا كىم يەلداغەدۇر ئائىنەدار .

[مەن شەپەرەڭ بولمىساممۇ ، قاراڭغۇ كېچىدىمۇ يورۇق كۆرۈنگەن ئالەم كۆزۈمگە قارا كۆرۈندى .]

ئالەم ئانىڭ كۆزلەرىدە قارا بولسا يوق ئەجەب ،
بىدىلى كىم دۇر قارا كۆزلەر بەلاسىغە دۇچار .

[يۈرىكىدىن ئايرىلغان كىشى قارا كۆزلەرنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغانلىقتىن ، ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنسە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس .]

كۆز تىكىپ مەن بىر قاراقاش دىلرەباغە ، كىم ئۇزۇپ-
رىشتەئى ئۇلفەتنى ، جىسمىم ئىگنەدەك بولدى نىزار .

[مەن بىر قاراقاش يارغا كۆز تىككەن ئىدىم ، ئۇ ئۇلپەتچىلىك رىشتىسىنى ئۈزگەچ ۋۇجۇدۇم يىڭنىدەك ئورۇقلاپ ئاجىزلاشتى .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارا دەرلەر ئاق كۆرۈپ ئانى بۇ مەئنى بىرلە كىم ،
سۇرەتى كافۇر يەڭلىغ ، سىرەتى دۇرمىش ئىپار .

[ئاقنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قارا دېيىشنىڭ سەۋەبى شۇ-
كى ، تاشقى كۆرۈنۈشى كاپۇردەك ئاق نەرسىلەرنىڭ ئىچى ئىپار-
دەك قارا بولىدىغانلىرىمۇ بار .]

بۇ ئىپار ھىرماندىن قارا ماڭا كافۇرى سۇبھە ،
بولدى ئول كافۇر ھەجرىدىن ئىپار زەخمىگە يار .

[بۇ ئىپاردىن مەھرۇم بولغانلىقىمدىن ، سۇبھى ئۆزى ماڭا
قارا كۆرۈندى ، مەن كاپۇردىن ئايرىلغانلىقىمدىن ئىپارنىڭ زەخ-
مىگە دۇچار بولدۇم .]

كۆزلەرىم ئانىڭ قارا خالىن كۆرەرگە تەلمۈرۈر ،
زەررەدەك كوڭلۇم كەبى بولمىش قاراغلار بى قارار .

[ئۇنىڭ قارا خالىنى كۆرۈشكە كۆزلىرىم تەلمۈرىدۇ ، كۆز
قارچۇقلىرىم پەرىشان كۆڭلۇمگە ئوخشاشلا بىتاقەت بولدى .]

قارا قۇيۇندەك چىقار خەسدەك تېنىمدىن دۇد ئاھ ،
كىم خىيالىن ئەيلەسەم ئۇتلۇق نىگاھى ئوت ياقار .

[ئۇنى خىيال قىلسام ئۇتلۇق قاراشلىرى تېنىمگە ئوت

ياقىدۇ ، خەستەك تېنىمدىن قارا قۇيۇندەك ئاھىمنىڭ تۇتۇنلىرى چىقىدۇ .]

ساۋۇرۇر كۆككە ۋۇجۇدۇم تۇپراغىن رەم ئەيلەبان ،
ئول كىيىك يەڭلىغ قارا كۆز بەرقدەك چابوكسۇۋار .

[ئۇ— كىيىككە ئوخشاش قارا كۆزلۈكۈم چاقماقتەك تېز ئات چاپتۇرۇپ ئۆتسە ، ۋۇجۇدۇمنى چاڭ-توزانغا ئايلاندۇرۇپ كۆككە سورۇۋېتىدۇ .]

بىر قاراپ باقماس ۋەلى تاراج ئېتەر ئەقلۇ شەكىب ،
ئىشۋەلەر ئەيلەپ قاراقچىدەك زەھى مەستانە يار .

[مېنىڭ مەستانە يارىم بىر قاراپمۇ قويمايدۇ ۋە لېكىن ناز-كەرەشمە قىلىپ ، ئەقىل ۋە سەبرىمنى قاراقچىدەك تالان-تاراج قىلىدۇ .]

بار پەرىدىن ھەم فۇزۇن پىنھانلىغ ئىچرە كىم ، كۆزۈم
تۇشىدە ھەم كۆرمەس قاراسىن تۇرفەدۇر ئول سىھرگار .

[يوشۇرۇنۇشتا ھەممە پەرىلەردىن ئارتۇق ، مەن چۈشۈمدىمۇ ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەيمەن ، ئۇ ئاجايىپ جادىگەر .]

ھۇسنى ئىستىغناسىدا ئول ، ئىشق سەۋداسىدا مەن ،

www.uyghurkitap.com



ۋەھ ئەجەبكىم مەن قارا مەست ، ئول قارا كۆز بادەخوار .

[ئۇ ھۆسنى بىلەن ناز قىلىدۇ ، مەن ئۇنىڭ ئىشقىدا سەۋدا-
يى بولدۇم ، ئاجايىپ ئىش ، ئۇ قارا كۆزلۈك مەينى راسا ئىچىد-
دۇيۇ مەن قاتتىق مەست بولماقتىمەن .]

سەرد مىھر ئول نەۋئى بولمىشتۇر ماڭا ئول باغرى مۇز ،
كىم ئاقارغان كۆزلەرىمدەك قارا يەرنى باستى قار .

[ئۇ باغرى مۇز ماڭا شۇنداق سوغاق مۇئامىلە قىلدىكى ،
قارا يەرنى نۇرسىزلىنىپ ئاقارغان كۆزلىرىمگە ئوخشاش قار
بېسىپ كەتتى .]

بۇ يۈرەكمۇ سەندە يا مۇز يا قارا تاش كىم ئاڭا ،
زەررەچە تەسىر قىلماس ياقسام ئاھىمدىن شەرار .

[سەندىكى بۇ يۈرەكمۇ ياكى مۇزمۇ ، ياكى قارا تاشمۇ ؟
ئاھىم ئۇچقۇنلىرىدىن ئوت ياقسام ، ئۇنىڭغا زەررىچە تەسىر قىل-
مايدۇ .]

قايداغ ئولغاي كۆڭلۈمە راھەتكى بۇ ھىجران تۈنى ،
بىر قارا قۇشتۇركىم ئۇيقۇم قۇشلارىن ئەيلەر شىكار .

[بۇ ھىجران تۈنىدە كۆڭلۈمگە قانداقمۇ ئاراملىق بولسۇن ،

ئۇ بىر قارا قۇش بولۇپ، ئۇيقۇم قۇشلىرىنى شىكار قىلىپ يۈرسە.]

ئەيلەپ ئىستىغنا ئۇنۇتساڭ مەن گادانى تاڭ ئەمەس،
كىم تاغافۇل كىشۋەرىدە سەن قاراخان ئى نىگار.

[ئەي نىگارىم، سەن ئېتىبارسىزلىق بىلەن مەن گادايىنى ئۇنۇتساڭ ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ، چۈنكى سەن بىپەرۋالىق مەمە-لىكىتىنىڭ "قاراخانى" ئەمەسمۇ.]

لۇتف قىل شېرىن لەبىڭدىن بىر ئەسەل يەڭلىغ خىتاب،
كىم ئايارەج پەيقارادەك بولدى ئاچچىغ ئىنتىزار.

[ئەي سۆيۈملۈكۈم شېرىن لېۋىڭدىن ھەسەلدەك بىر خىتاب بىلەن ئىلتىپات قىلىپ، نەدە سەن دەپ سوراپ قوي، چۈنكى ئىنتىزارلىق كۆڭلىرى ئايارەج پەيقارا① دەك ئاچچىق بولۇپ كەت-تى.]

زار كوڭلۇم نالەسىدىن بىخەبەرسەن گوييا،
بىخۇد ئەتمىشتۇر قاراسۇ خۇد سېنى يا كوكنار.

---

① ئايارەج پەيقارا— سەۋدا كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاچچىق بىر خىل دورا.

[زارلانغان كۆڭلۈمنىڭ نالىسىدىن ، گوياكى سېنى قارا شاراب ياكى كۆكنار شەربىتى مەست قىلىپ قويغانداكلا بىخەۋەر يۈرۈۋاتىسەن .]

قارغە ئاۋازىن ئىشتسەم ئۆيدە ، چىققۇم تاشقىرى ،
قارا قاسىد قارغەلىقتىن كەلدى دەپ دىۋانەۋار .

[ئۆيدە تۇرۇپ قارغا ئاۋازىنى ئاڭلىسام ، قارغىلىقتىن قارا خەۋەرچى كېلىپ قالدىمىكىن دەپ ساراڭلارچە تاشقىرىغا چىقىمەن .]

نامە يازماق فىكرى كەچسە خاتىرىڭگە ھەر قاچان ،
بىر قارا داغ يىغلۇر گويا باشىڭغە بار بار .

[ھەر قاچان خەت يازماق پىكرى خاتىرەڭگە كەلسە ، گوياكى دوستىنىڭ يۈكى بېشىڭغا بىر قارا تاغ بولۇپ يىقىلىدۇ .]

خەت ئىبەرمەسلىك مۇھەببەت پىشەلەرنى ياد ئېتىپ ،
قارا قىلماقدۇر ۋەفا يولىنى ئې غەفلەت شۇئار .

[ئەي بىپەرۋالىقنى شۇئار قىلغۇچى ، مۇھەببەتلىك دوستلارنى ياد ئېتىپ خەت ئەۋەتمەسلىك ۋاپايولىنى قارا قىلىشتۇر .]

خەت يازۇرغە بۇ تەساھۇل بائىسى سەندىن نىدۇر ،

قىلدى كاغەزنى قارا دەپ خاندىن ئىشتتىڭمۇ جار .

[سىنىڭ خەت يېزىشقا مۇنچە هورۇنلۇق قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ياكى قەغەزنى قارا بويۇەتتى دەپ خاقاندىن كايىشلىق ئاڭلىدىڭمۇ؟]

يا سىيا يەتمىش كامار ئىچرە قارا قوڭغۇز بولۇپ ،
يا قەلەم ئۇچمىش قارا قۇشقاچ بولۇپ بىئىختىيار .

[ياكى سىيا قارا قوڭغۇز بولۇپ كامارغا كىرىۋالدىمۇ؟ ياكى قەلەم قارا قۇشقاچ بولۇپ ئىختىيارسىز ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟]

دەپتى سەۋدايىمغا يازغىل بىر شىپانىڭ نۇسخەسىن ،
كىم خىرەد بۇقراتى كوڭلۇڭنى قارا بادىن ئاتار .

[سەۋدايىلىقىمنى ساقايتىش ئۇچۇن بىر شىپالىق رېتسىپ يېزىپ بەرگىن ، چۈنكى ئەقىل بوقراتى①سىنىڭ كۆڭلۇڭنى قارابادىن②دەپ ئاتايدۇ .]

ئاچماساڭ بۇ غەم قاراڭغۇسىن جاۋابى خەت يېزىپ ،
بىر قارانى يۈز قارا ئەيلەپ مەن ئاچقۇم زەنگىبار .

---

① بوقرات—قەدىمىي يۇنان پەيلاسوپى هەم ئۇستا تېۋىپ .
② قارابادىن— دورىگەرلىك كىتابى .

[بىر جاۋاب خەت يېزىپ غەم قاراڭغۇسىنى يوقاتمىساڭ ، بىر قارىنى يۈز قارا قىلىپ ، نېگىرلار مەملىكىتىنى (قارىلار يۇرتىنى ) مەن ئاچىمەن .]

ئى ساباھەت ئاسمانىنىڭ دۇرەخشان ئەختەرى ،
قارە دىسەم قونماسۇن مىرئاتى تەبئىڭغە غۇبار .

[ئەي گۈزەللىك ئاسمىنىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى ، قارا دېسەم تەبئىتىڭنىڭ ئەينىكىگە چاڭ-توزان قونمىسۇن .]

چۇن بىلۇرسەن قارەدىن ئاقنى قىلۇرمەن ئىمتىياز ،
بولماغىل كۆڭلى قاراﻻردەك مۇكەددەر زىنھار .

[قارىدىن ئاقنى ئايرىۋاﻻيدىغانلىقىمنى بىلىسەن ، ھەرگىز كۆڭلى قارا ئادەملەردەك غەم-قايغۇغا چۆشمە .]

ئۇز ۋۇجۇدۇمنى كۇرۇپ ئايدەك يۇزۇڭ كۇزگۇسىدە ،
قارا ئەيتۇرمەن سىنى يەنى تەجەللى سەندە بار .

[سىنىڭ ئايدەك يۈزۈڭنىڭ ئەينىكىدە ، ئۆز ۋۇجۇدۇمنى كۆرۈپ ، "قارا" دېسەممۇ ، ئەمما يەنە سىنىڭ نۇرۇڭ بار .]

ھەق كەلامى قارە خەت ئىچرە تەجەللى كۇرسەتۇر ،

ئەھلى بىنىشقە قارالىقتىن ئىمەسدۇر ئەيىبۇ ئار .

[تەڭرىنىڭ سۆزى قارا خەت ئارقىلىق چاقناپ تۇرىدۇ ، بىلىمدان كىشىلەرگە رەڭنىڭ قارا بولۇشى ئەيىب ۋە نومۇس ئەمەس .]

كەلدى ئەخبار ئىچرە شەنبە سەئد ئانىڭ كەۋكەبى ،
سەئد ئەكبەر ئۇزرە رەڭگى قارادۇر ساھىپ شىكار .

[رىۋايەتلەردە شەنبە كۈنىنىڭ يۇلتۇزى بەخت يۇلتۇزىدۇر ، ئاشۇ بەخت يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قارا ، بۇ يۇلتۇز چىققان ۋاقىتتا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ .]

چۇن "ئەلەيكۇم بىسسەۋادىل-ئەزەم" ئەيدى مۇستافا ،
سەندەك ئاق يۈزلۈك قارانى ئەلدىن ئەتتىم ئىختىيار ،

[مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز سۆزىدە "چوڭ قارىنى①ئىختىيار قىلىڭلار" دېدى ، شۇڭا مەن خالايىق ئىچىدە ساڭا ئوخشاش ئاق يۈزلۈك قارىنى خالىدىم .]

مادەرى ئەييامنىڭ ئاق پاختادەك پەرزەندىسەن ،
تەگمەسۇن كۆز دەپ ساڭا قىلمىش قارانى ئېئتىبار .

---

① "چوڭ قارا— "ئەرەب تىلىدا زور كۆپچىلىك مەنىسىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ زامان ئانىسىنىڭ ئاق پاختىدەك پەرزەنتى سەن ، ساڭا
كۆز تەگمىسۇن دەپ قارا تۇسىنى ئېتىۋارغا ئاپتۇ .]

سىدقۇ ـ سەفۋەت كۆزلەرىنىڭ سەن قاراقى دەھر ئارا ،
كۆز قاراقىغە قارا بولماق سۈپەتتۇر بىغۇبار .

[ دۇنيادىكى راستلىق ، پاكلىقنىڭ كۆز قارىچۇقى سەن ،
كۆزنىڭ قارىچۇقىغا قارا بولۇش ئېسىل بىر سۈپەت .]

ئول ھەجەر كىم ئۆپسە ئانى ئاقارۇر مومىن يۈزى ،
كەئبە ئىچرە قارا قىلمىش رەڭگىنى پەرۋەردىگار .

[ بىر تاش باركى ئۇنى ئۆپسە مۆمىنىنىڭ يۈزى ئاقىرىدۇ ،
شۇ تاش كەئبىنىڭ ئىچىدە بولۇپ ، تەڭرى ئۇنىڭ رەڭگىنى قارا
قىلغان .]

كۈن ئېرۇر ئاق ، تۈن قارا ، كۆر پەزلىنى قۇرئانداكىم ،
تۈشتى ”ۋەللەيل“ ئەۋۋەلۇ كەلدى مۇئەخخەر ”ۋەننەھار“ .

[ كۈندۈز ئاق ، كېچە قارا ، كېچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قۇرئان-
دىن كۆرگىنكى ، كېچە ئالدىدا ، كۈندۈز ئاخىرىدا بايان قىلىن-
غان .]

ئىبتىدادا بۇ ۋۇجۇد ئەتمىش قارالىقدىن زۇھۇر ،
ئابى ھايۋان چەشمەسى تاپمىش قارالىقدا قارار .

[ئەگەر دەسلەپ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى قارىلىقتىن پەيدا بولغان ،
ئابى ھاياتنىڭ بۇلىقمۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە ئىدى .]

دىل سۇۋەيداسى قارادۇر ، ھەق نەزەر گاھى ئۇشۇل ،
شاھىدى سىررى ئىلاھى ئول قاراغا يارغار .

[ئىنساننىڭ كۆڭلىنىڭ نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە ئو-
رۇنلاشقان ، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ ، تەڭرىنىڭ يوشۇ-
رۇن ھېكمەتلىرىنىڭ شاھىدى پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ساقلان-
غان .]

ئەسلىگە راجىئ بولۇر ھەر شەيئ مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز ،
ئەسلى ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۇرۇپ كۆر ئاشكار .

[ھەرقانداق شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ ، بۇ سۆزگە ھەممە
تەسلىم بولىدۇ . ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئەسلى قارادۇر ، كۆيدۇ-
رۇپ كۆرسەڭ ئاشكارا بولىدۇ .]

ئول زۇھەلكىم تاپتى ئانىڭ دەۋرىدە ئادەم ۋۇجۇد ،
چەرخ ئۈزرە قارا رەڭ ئىلە قىلۇر ئەئدانى خار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ ئادەم ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋاقىت زوھەل يۇلتۇزىنىڭ دەۋرى ئىدى ، ئۇ بۇ ئالەمدە دۈشمەنلىرىنى قارا رەڭبىلەن يەڭدى .]

ئالى ئاباس ئەيلەبان كىسۋەتلەرىنى قاپقارا ،
قارا باسقاندەك مۇخالىفتىن چىقارمىشلار دىمار .

[ ئەرەب ئاباسىلار سۇلالىسى قارا كىيىملەرنى كىيىپ ، دۈشمەنلىرىنى قارا باسقاندەك تارمار قىلمىدىمۇ؟]

ئاھەنى كىم شەئنىدە نازىل ئېرور "بەئسۇن شەدىد" .
رەڭگى باقكىم قارادۇر ئانىڭسىز ئولماس ھىچ كار .

[ تۆمۈر قۇرئاندا "ئەڭ قاتتىق ، ئەڭ كۈچلۈك" دەپ ئېتىراپ قىلىنغان نەرسە ، ئۇنىڭ رەڭگى قارا ، ئۇ بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ .]

ھەق دىدى باغى بېھىشت ئەۋسافىدا "مۇدھەممەتان"
كىم قارا دىگەن بولۇر "تەشەيد ئىلە"ئى ھۇشيار .

[ تەڭرى بېھىشنى تەرىپلىگەندە "مۇدھەممەتان" دېدى . ھەي ھوشيار كىشى "مۇدھەممەتان" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قارا دېگەن بولىدۇ .]

ئەتلەسۇ كىمخاپ ئوزە پەسلى زىمىستان ئېچرەدۇر ،

قارا قۇندۇز ، قارا شىرازىغە قەدرۇ-ئىپتىخار .

[زىمىستان قىش پەسلىدە ئەتلەس ، كىمخاپ كىيىم ئۈستىدە ، قارا قۇندۇزدىن ياقا قىلىنغان ، قارا شىراز تۈتۈلغان تون كىيسە قەدىرلىك ، ئىپتىخارلىق بولىدۇ .]

قارە تونلەردىن شەبى قەدرو شەبى مىئراج ئېرور ،
قەئرى دەريا زولمەتىدور جايى دوررى شاھۋار .

[شەبى قەدرى① ۋە مىراج② قارا كېچىدە بولغانلىقتىن ، دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى قاراڭغۇ بولسىمۇ ، ئەمما بۇ قاراڭغۇلۇقتا شاھلارغا لايىق گۆھەر بولىدۇ .]

باق زەبەرجەد سەقپىنىڭ قەندىل بەيزاسىغا كىم ،
قارا تۈن سىمۇرغىنىڭ ئول بەيزەسىدۇر زەرنىگار .

[كۆك ئاسمانىنىڭ چاراقلاپ تۇرغان چىراغلىرىغا قارا ، ئاس-

---

① شەبى قەدرى— قەدرى كېچىسى رامىزاننىڭ 27-كېچىسى بولۇپ ، بۇ قۇرئان نازىل قىلىنغان كېچە بولغانلىقى ئۈچۈن قەدرى كېچىسى دەپ ئاتالغان .

② مىراج— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەبرائىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ ئاللاھ بىلەن دىدارلىشىپ قايتقان ۋەقە بولۇپ ، بۇ ۋەقە كېچىدە بولغان . (قۇرئاندىكى ئىزاھقا قارالسۇن) .

www.uyghurkitap.com



ماننى بىزەپ تۇرغان ئاشۇ چىراغ، قارا تۈن سۇمۇرغىنىڭ
تۇخۇمى ئەمەسمۇ؟]

ئاقلارنى كۆيدۈرۈپ ئەيلەر كومۇر بۇ رەشك كىم،
تەڭرى ھېكمەت گەنجىن ئەتمىش قارا لۇقمانغا نىسار.

[ئاق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈر قىلىدۇ، بۇ ھەسەد قىلىنىشقا لايىقكى، تەڭرى ئىلىم-ھېكمەتنىڭ غەزىنىسىنى قارا لوقمانغا① بەرگەن.]

خىزرنىڭ ھەم بار قارەلىغ نىسبىتى بىر نەۋ ئىكىم،
قارادەرلەر، يېشىل بو سۆز گاھ شاھىد خەتتى يار.

[خىزىرنىڭ ھەم قارىلىققا مەلۇم نىسبىتى باركى، خىزىر (يېشىل)نى ھەم قارا دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سۆزگە مەشۇقلارنىڭ نىل رەڭ بويالغان قاش كىرپىكلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنى مەشۇقلارنىڭ يېشىل ئوسما سۈرمە بىلەن زىننەتلەنگەن قاش-كىرپىكلىرى قارا دەپ مەدھىيىلىنىدۇ.]

لەيلىنىڭ ھۆسنى قارالىغىدىن فۇسۇنخان بولماسا،
قەيسدەك ئاقىل ئاڭا مەجنۇن بولۇپ يىغلارمۇ زار.

---

① لوقمان— قەدىمكى ئەسىرلەردە ياشىغان ئىلىم-ھېكمەت ئا-لىمى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ئۇنىڭ چىرايى قارا ئىكەن.

[لەيلىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ قارىلىقى بىلەن مەپتۇن قىلىمىغان بولسا، قەيس① دەك دانا كىشى ئۇنىڭغا مەجنۇن بولۇپ زار يىغلامتى؟]

خال كىم مەھبۇبلارنىڭ ھۆسنىگە زىنەت ئېرۇر،
بولماسا رەڭگى قارا ئول ھۆسن ئاچىلماس باھار.

[مەڭ يارنىڭ ھۆسنىگە زىننەت بېرىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ رەڭگى قارا بولمىسا، مەھبۇب ھۆسنىنىڭ باھار گۈللىرى ئېچىلمايدۇ.]

قارىلىقدىندۇر سەنەملەر ساچۇ قاشى دىلفەرىپ،
قارىلىقتىن تاپتى قىممەت ئەنبەرۇ مۇشكى تەتار.

[گۈزەل مەھبۇبلارنىڭ چېچى بىلەن قېشى قارا بولغانلىقتىن، كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدۇ، شۇنىڭدەك ئەنبەر بىلەن ئىپارنىڭ رەڭگى قارا بولغانلىقتىن قىممەتلىك.]

دىلرەبالىق ئىشۋەسىن كۆرگۈزسە شاھىد كۆزلەرى،
ۋەسفى ئېتەرلەر "قاراكافىر" دەپ ئۇنى ئۇششاق زار.

---

① قەيس— لەيلىنىڭ ئاشىقى "مەجنۇن"نىڭ ئەسلى ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[قاراپ تۇرغان ئىككى كۆزى ئويناقشىپ كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلسا، بىچارە ئاشىقلار ئۇنى "قاراكاپىر" دەپ تەرىپلەيدىغۇ.]

هەق تەئالا رەھمەتىن ئالەمگە ياغدۇرماق ئۈچۈن،
ئاق بۇلۇتدىن قارە بۇلۇتتۇر زىيادە پەيزى بار.

[تەڭرى ئالەمگە ئۆز رەھمىتى— يامغۇرىنى ياغدۇرماق بولغاندا، ئاق بۇلۇتتىن كۆرە قارابۇلۇتنىڭيامغۇرى كۆپ بولىدۇ.]

قاپ قارالىقدا فۇزۇنراق بارچە گۈللەردىن ئىرۇر،
قارا رەيھان، ئەنبەر ئەفشان قارا سۇنبۇل مۇشكبار.

[گۈللەرنىڭ ئىچىدە رەڭگى ئەڭ قارىسى، ئەنبەر پۇرىقى چاچىدىغان قارا رەيھان بىلەن ئىپار پۇرىقى چاچىدىغان قارا سۇنبۇلدۇر.]

قارا ئەنگۈر ئابىدىن ئەتكەن مۇئەنبەر بادەنىڭ،
ئۆزگە تەسىرۇ خواسى باشقا بىر تەفرىھى بار.

[قارا ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن خۇش پۇراقلىق شارابنىڭ ئالاھىدە تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، كىشىنى ئىنتايىن خۇش كەيپ قىلىدۇ.]

رەڭگىلەردە قارادىن يوقتۇر يۇقارى ھېچ رەڭ،
كىم يۇقارى تۇرمىش ئانىڭ يۇلتۇزى ئەنجۇم سۇۋار.

[رەڭلەرنىڭ ئىچىدە قارىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان رەڭ يوق، چۈنكى قارا رەڭنىڭ يۇلتۇزى يۇلتۇزلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۈس-تۈندۇر.]

ھەر زامان مەۋلانەزەر ئەيلەپ ئىنايەتتىن ساڭا،
قارا قۇل بولسۇن سېنىڭ ئالىڭدا بۇ تىلى ھىسار.

[تەڭرى ھەر زامان ساڭا نەزەر سېلىپ، ئىلتىپات كۆرسەت-سۇن، بۇ قەيشقەر قورغىنى ئەھلى ئالدىڭدا "قارا خىزمەتكار" بولسۇن.]

تاجى-دەۋلەت، تېغى نۇسرەت بىرلە بولغايسەن مۇدام،
كۆز قاراقىدەك سەرىرى ئىززەت ئۇزرە پايدار.

[دۆلەت تاجى بېشىڭدىن، نۇسرەت قىلىچى قولۇڭدىن چۈشمىسۇن، ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ تەختى ئۈستىدە كۆز قارىچۇ-قىدەك مۇستەھكەم تۇرغايسەن.]

ئوتقا تۇتقان قىل مەسەللىك يۈز قارا ھاسىدلىرىڭ،
قارا كۈنلەر ئىچرە غەمدىن تولغىنىپ بولسۇن نىزار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[قارا يۈز ھەسەتخورلىرىڭ ئۇتقا سالغان قىلغا ئوخشاش ،
قارا كۆڭلەر ئىچىدە غەمدىن تولغىنىپ يەر بىلەن يەكسان بول-
سۇن .]

ۋەقتىڭ ئۇلسۇن خۇشكى مەيدەك ، تۆھپە قىلغانىبۇ ۋرەق
بىر قارا چايى مۇئەنبەر تەختەسىدۇر خۇشگۇۋار .

[ۋاقتىڭ مەي ئىچكەندەك خۇش ئۆتسۇن ، ساڭا ئەۋەتىلگەن
بۇ مەكتۇپ بىر تاختا خۇش پۇراق قاراچايدەك يېقىملىق تويۇل-
سۇن .]

## نىست①

مۇنكىرى شېئىرى مەرا ئەز مەرىپەت نەبۇد نەسىب ،
چۇن جەئەل كورا دىماغى نىكھەتى گۇلزار نىست .

---

① بۇ شېئىر شائىرنىڭ يەكەندە تۇرغان ۋاقتىدا شائىر فۇرقەت
يازغان «نىست» نامىلىق پارسچە شېئىرىغا قارىتا يازغان مۇ-
شائىرەسى بولۇپ ، بولغارىيىدە نەشر قىلىنغان «بەرقى تە-
جەللى— سەبىقى مۇجەللى» نامىلىق توپلامدىن نىمەتۇللا ئە-
بەيدۇللا تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا يازغان
«فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى»
دېگەن ماقالىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى ئىلمىي ژۇرنىلى 1983-يىل 2-سان .

[مېنىڭ شېئىرىمنى ئىنكار قىلغۇچىلار مەرىپەتتىن نەسىۋىسىز قالغانلاردۇر . چۈنكى ئەخلەت ئارىسىدا يۇرىدىغان قوڭغۇزنىڭ دىمىغىغا گۇلزارنىڭ پۇرىقى پۇرىمايدۇ .]

ئايەتى نۇشۇ شىپا دەر شان شەھەد ئامەد ۋەلى ،
لەززەتى ئۇرا بىزەۋقى فاسىدى بىمار نىست .

[ھەسەلدىن ياسالغان شىپالىق دورىلار كېسەلنى ساقايتىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا زوقلانمىغان ئادەم كېسىلى ئېغىرلاشسىمۇ ئۇنى ئىچمەيدۇ .]

چەشمى نابىنا زىھوسنى رويى يۇسۇپ فارىغەست ،
گۇش كەررا بادەمى داۋۇد ئەسلا كار نىست .

[قارىغۇلار يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم ، گاسلار داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدۇ .]

ھەمچۇ سۇبھى رەۋشەنەست ئايىنەيى ئىسكەندەرى ،
لىك ئەندەر چەشمى زەڭگى غەيرىي شامى تار نىست .

[پۈتۈن جاھاننى سۇبھىدەك روشەن كۆرسىتىدىغان ئىسكەندەر ئەينىكىگە كۆزى غۇۋا ئادەم قارىسا ، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدۇ .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گەر بوۋەد ئەز تور ياخۇد ئەز جاۋاھىر ساختە ،
سۇرمەرا دەر كويى كور ئان قىيمەتۇ بازار نىست .

[ئەگەر تور تېغىدەك كاتتا جاۋاھىردىن سۇرمە ياسالسىمۇ ،
ئۇنىڭ قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق .]

**قوشۇمچە:**

**فۇرقەتنىڭ ئەسلى شېئىرى:**

كوھكەنرا تىشەچۇن ئەز ئەبى تىز نىست ،
شەھدى شىرىن جۇز بەكامى خىسرەۋى پەرۋىز نىست .

[پەرھادنىڭ كەكسى ئىبرەت سۈيى بىلەن ئۆتكۈرلەنمىگەن
بولسا ، شىرىن لېۋىنىڭ شېكىرىنى پەقەت خىسراۋ پەرۋازىلا
تېتىغان بولاتتى .]

داد ئەز دەستى بەھارى زىندەگى گەر جۇش ئۇ ،
يەك گۇلى چەندان نىكھەت بىزۇرەڭ ئامىز نىست .

[تىرىكلىك باھارىنىڭ جۇشقۇنلىقىدا بىرەر گۇل خۇش بۇ-
يىنى چاچالمىسا ياكى رەڭدار بولمىسا ،ئۇنداق باھاردىن داد .]

دەر ۋەتەن ئەز جەۋرى گەردۇن خۇررەمى مارانەبۇد ،
نى چى تالىبى بۇدكى يارەب دەر غەرىبى تىز نىست .

[ پەلەكنىڭ جەۋرىدىن بىزگە ئۆز ۋەتىنىمىزدە بىرەر شاد-
لىق كۆن بولمىغان ئىدى ، ئاھ خۇدا بۇ قانداق تەلەيكى ، مۇسا-
پىرچىلىقتىمۇ بىرەر شادلىق كۆن بولمىدى .]

لەھزەئى ئارامۇ ئاسايىش كۇجا يابەد كەسى ،
دەر جاھان جۇز شورىشۇ ئاشۇبى رۇستا خىز نىست .

[ جاھاندا غەۋغا ، توپىلاڭ ۋە بەختسىزلىكتىن باشقا ھېچ-
نەرسە يوق ، بىردەم تىنچلىق ۋە راھەتنى كىشى نەدىن تاپقىلى
بولار .]

دىدەئەم گۇھتاكى شەمسىددىن : "نىھالى بەختىمەن ،
سەبز ئەز ئابۇ ھەۋايى گۇلشەنى تەبرىز نىست" .

[ شەمسى تەبرىزنىڭ : "ئەپسۇسكى مېنىڭ بەختىمنىڭ كۆ-
چىتى تەبرىز گۈلشەنىنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىدىن پەرۋىش تاپال-
مىدى" دېگەن سۆزىنى كۆرگەنىدىم .]

ئەندەلىبى گۇلشەنى دىھلى چى خۇش گۇفت ، ئىن سۇخەن ،
"روبە ھىند ئاۋەردەنى ساھىبدىلا بىجىز نىست" .

[ دېھلى گۈلشەنىنىڭ بۇلبۇلى خىسراۋ دېھلەۋى :"قەلب ئە-
گىسى بولغانلارنىڭ ھىندىستانغا يۈزلىنىشى سەۋەبسىز ئە-
مەس" دەپ نېمىدېگەن ياخشى ئېيتقان—ھە !]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۆھبەتى ھەمدەرد فورقەت ، ھەر قەدەر باشىد خۇشەم ،
ئەز مۇكەررەر نەغمەئى قالۇن مەلال ئەنگىز نىست .

[ھەي فۇرقەت ، ھەمدەردلىرىڭنىڭ سۆھبىتى قانچە كۆپ بولسا ، شۇنچە خوشال بولغىن ، چۈنكى قالۇن كۆپ چېلىنىسىمۇ ، كىشىگە مالاللىق كەلتۈرمەيدۇ .]

## كېكەچ شېئىر①

### ئەسلى تېكىستى

كوككوڭلۇمە ئۇئوت سالب جەججانىمە قىققىل ۋەفا .
كىككىم ماڭا نىننۇش ئىرۇر نىننىنىيشىڭ ئى تىب بى ۋەفا .

---

① كېكەچ شېئىر 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەدىبلەر ئە- چىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل شېئىر شەكلى . بۇنداق شېئىرلار كېكەچلەرنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىنىپ يېزىلىدىغان بولۇپ ، ئادەتتىكى شېئىرلارنى ئوقۇغاندەك را- ۋان ئوقۇغىلى بولمايدۇ . يىغىلىشلاردا ئەدىبلەر ئۆزلىرى يازغان شېئىرلارنى ئۆزلىرى ئوقۇشۇپ ، ھەزىل ، قىزىقچى- لىق قىلىشقان .
تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىنى يولداش نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا 1910-يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «باياز مەھبۇبىل مەھبۇب» ناملىق كىتابتىن بايقىغان بولۇپ ، تۇز ئوقۇلۇشى ۋە يەشمە- سىنى ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىغان .

كوككۆزلەررىڭ سىھھىرىدىن كۆككۆرسە جان خەخخەستەلىك ،
لەللەئىلىگە ئۆ ئۆئۆپۈپ يانا تىتابغۇسىدۇر شىپا .

جىجىبلىۋەلەر ئەئەيلىسەڭ ھەھەمچۇ ئولۇر ھەم خوبلەر ،
لىللازىم ئولدى نىنۇجۇمغە قىقويىاش تۇلۇئىدە ئىختىپا ،

دىددەير ئىشقە ئۇئۇر قەدەم شىشىباب ئىلە قىغغان چېكىب
ھىھىھوججاجدەك ئىئىستەسەڭ سەئى مەرۋى بىرلە سەپا .

مىممۇغبەچە ئائاياغىنە تەتجەللىيا بىباش قوي ،
قىققىلسا گەر نەزەر ئەدا جىججىننىغا قىلىپ ئۇ ئۇر قەفا .

تېكىستنىڭ بۆيىچە تۇز ئوقۇلۇشى :

كۆڭلۈمە ئوت سالىپ جانىمە قىل ۋەفا
كىم ماڭا خۇش ئىرۇر نىيىشىڭ ئى تىب بى ۋەفا .

[كۆڭلۈمگە ئىشق ئوتىنى سېلىپ ، جېنىمغا ۋاپا قىلغىن ،
چۈنكى ، ئەي بىۋاپا تېۋىپىم ، سېنىڭ ماڭا نەشتەر ئۇرۇشۇڭمۇ
ماڭا شېرىن شەربەت ئىچۈرگەندەك بىلىنىدۇ .]

كۆزلىرىڭ سىھرىدىن كۆرسە جان خەستەلىك ،
لەئلىڭە ئۆپۈپ يانا تابغۇسىدۇر شىپا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[كۆزلىرىڭنىڭ سېھىرلىشىدىن جېنىمغا كېسەللىك ۋە ئا-
جىزلىق يۈزلەنسە ، ياقۇتتەك لەۋلىرىڭگە سۆيۈش بىلەن جېنىم
قايتىدىن شىپالىق تاپىدۇ .]

جىلۋەلەر ئەيلىسەڭ ھەمچۇ ئولۇر ھەم خوبلەر
لازىم ئولدى نۇجۇمغە قوياش تولۇئىدە ئىختىپا .

[سەن جىلۋە قىلىپ چىقىپ كەلسەڭ ، بارلىق گۈزەللەر
چېنىپ قالىدۇ . خۇددى قۇياش چىققاندا بارلىق يۇلتۇزلار يوشۇ-
رۇنۇشى لازىم بولغاندەكلا .]

دەير ئىشقە ئۇر قەدەم شباب ئىلە ، فىغان چېكىپ ،
ھوججاجدەك ئىستىسەڭ سەئى مەرۋى بىرلە سەپا .

[دۇنيالىق ئىشلاردا فىغان چېكىپ ئولتۇرماي ، خۇددى
ھاجىلار ساپا بىلەن مەرۋى ئارىسىدا يۈگۈرگەندەك چاققانلىق
بىلەن قەدەم قويغىن .]

مۇغبەچە ئاياغىنە تەجەللىيا ، باش قوي ، ،
قىلسا گەر نەزەر ئەدا ، جىنغا قىلىپ ئۇر قەفا .

[ھەي تەجەللى ، سەن ساقىينىڭ ئايىغىغا باش قوي ، ئەمما
دۈشمەنلىرىڭ ساڭا نەزەر سالسا ، ئۇنىڭدىن دەرھال يۈزۈڭنى
ئارقىغا بۇرا .]

## ساقىينامە①

كەل ئەي دوستۇم فىكرى راھەت قىلالىم،
جەھان بىر نەفەسدۇر غەنىمەت بىلەلىم.

دۇرۇپ مەستتەك مەيكەدە قابۇسىدە،
چەكۇپ شەيئىللاھ ئەلەلە سالالىم.

ئەگەر ئۇلسە مەنزۇر پىرى مۇغانە،
ۋىرۇپ جانۇدىل بىر پىيالە ئالالىم.

ئۇلۇپ فارىغۇلبال ئەندىشەلەردىن،
ئىچۇپ ئول مەيى فەيز ھەقلە دولالىم.

ئالۇپ جام ۋەھم ئىدمەيۇپ مۇھتەسىبىدىن،
دىلىن خەنجەرى مەۋج مەيلە دىلالىم.

قەلەندەر ئۇلۇپ ساقىنىڭ دەرگەھىندە،

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 18-سانىدىن ئېلىندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېشىد ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۇتۇپ جام كەيفىيەتى جەم بولالىم .

ۋارۇپ ئالەم ئەقلىدىن ئىشق سارى ،
ئولۇپ خاكى مەيخانەئى ئەدەم ئولالىم .

قىلۇپ كەسب نۇر ئافتابى قەدەھدىن ،
بۇ سۇرەت شەبىن سۇبھى مەئنى قىلالىم .

غەرەز كىم چىقۇپ ھەستىلىك زۇلمەتىندىن ،
كىدۇپ زەررە خۇرشىد رەۋشەن كېلەلىم .

بىلۇرسەنمى ئول ساقى كىم دىرۇمبەن ،
ئاياغىن ئۇپۇپ قابۇسىندا ئۆلەلىم .

خۇمى مەئرىفەت مۇھىيدىن ئەبدىقادىر ،
كى دۇرر نەشئەئى ھەقلە مەنسۇر ناسىر .

كېلىڭ ھەمدەمىم رەخشى ھىممەت سۇرەلىم ،
چىقۇپ فەرشدىن ئەرش ئۈزرە دۇرالىم .

كىرەلىم كەلتانى شەۋقىقە سەباتەك ،
دىرەلىم گۈلى زەۋقۇ راھەت كۆرەلىم .

باھارە ۋەفا يوق غەنىمەتدۇر ئولكىم ،

چىمەن ئىچرە بىر بەزمى ئىشرەت قۇرالىم .

ۋىرەلىم دىلۇ دىنۇ جانۇ خىرەد ھەم ،
نەيۇ چەڭۇ مەئشۇقۇ مەي كەلتۈرەلىم .

چەكۈپ بادە سەرخۇش ئۇلۇپ نەشئەسىدىن ،
ئىلە جەۋھەرى مەئرىفەت كۆرسىتەرەلىم .

مەيى مۇسىۋدىن گەھى مەست ئولالىم ،
دەمى ئىسىۋدىن گەھى دەم ئۇرالىم .

مۇنىڭلە گەھى ئالەمى دىر گوزەلىم ،
ئەنىڭلە گەھى ئودلەر ياندۇرالىم .

سەراسارى گاھى ئەزىمەت قىلالىم ،
سۇرەييايە گاھى ھەزىمەت سۇرەلىم .

ھەقايىقدە گاھ ئەژدەھاتەك ئۇرۇپ دەم ،
مەئارىفدە گاھ ئارسلانتەك يۈرەلىم .

ئەگەر ئازمىقىڭ يولدە ۋار ئولسە ۋەھمى ،
ئىمامى تەرىقەتدىن ئانى سورەلىم .

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلۇ قۇتبى ھەق جامى ئىرفانە ساقى ،
كىم ئەنىڭلە دۇر نەشئەئى فەيز باقى .

سەلامەت نەدۇر دوستۇم ، بىرمەلامەت ،
مەلامەت چەككەن مەرد بولمىش سەلامەت .

مەلامەت يولىن ئازمىنە ئىشق ئەھلى ئۇلساڭ ،
كىم ئانى ئازەنلەر چېكەرلەر نەدامەت .

دىلەرسەنكى مېئراجى ئىشق ئۇلە ھاسىل ،
ئۇنىڭ ئىپتىدا پايەسىدۇر مەلامەت .

دېگىل ئىشق مېئراجى ئاسانكى ئاشىق ،
كۆرەر كۇندە ئىشق ئىچرە يۇزبىڭ قىيامەت ،

دېگىل بىر مەلامەت ئەلامەتكى ئىشققە ،
بەلادۇر ، جەفادۇر ، ئەنادۇر ئەلامەت .

دېسەڭكىم ئولارسەن سەلامەتلە ۋاسىل ،
ئىمامىڭ يولىن بىل تەرىقى سەلامەت .

قۇمۇ ئاشىقىڭ رەھبەرى ئەبدىقادىر ،
خۇداۋەندە مەئشۇق ساھىب كەرامەت .

قومۇ ئەۋلىيا سەرۋەرى غەۋس ئەئزەم ،
جەلىلۇلمەقامۇ ۋە جەلىيۇلمەقامەت .

ئۇلۇ قۇتبى ئەرش ئاستانىكىم ئەيلەر ،
جەنابىندە رۇھۇلقۇددۇس ئىستىقامەت .

ئاڭا خاس ئولمىش سەفى ئەسفىيا ،
لەۋايى كەرامەت ئەسايى ئىمامەت .

ھەۋايى ھۇۋىيەت دۇرۇر ئول مۇقەررەپ ،
ھۇمايى ھۇمايۇن ۋە شەھبازى ئەشھەب .

ئاڭادۇر ۋىلايەت جەھانىندە ھەردەم ،
ئەزەل تائەبەد ھۆكم سۇرمەك مۇسەللەم .

دۇرۇر تىغى قۇدرەت ئەنىڭ قەبزەسىندە ،
جاھانى تەسەررۇف ئاڭا زىرخاتەم .

ئەنىڭ ئىسمىدۇر ئىسم ئەئزەم ئەسەرلۇ ،
سۇلەيمان قەنىكىم كۆرەر ئىسم ئەئزەم .

ئەنىڭ نەفەسىدۇر مەفزى نۇرى مۇقەددەس ،
ئەنىڭ جىسمىدۇر ئەينى رۇھى مۇجەسسەم .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com



تەجەللا سىلە مەھۋ مۇسايى ئىمران ،
دۇر ئەنفاسىنە بەندە ئىيسايى مەريەم .

ئەنىڭ مەئرىفەت بەزمى ئىچرە ۋىرۇرلەر ،
قەدەھلەر لەبا لەب ، پەيا پەي ، دەمادەم .

ئەيا قۇتىب ساھىبقىرانى ۋىلايەت ،
شەھىنشاھ مالىك رىقابى دۇئالەم .

سېنىڭ دەرگەھىڭ ئۈزرە مەن خاك ئولدۇم ،
تولە نەفخى رۇھىڭلە ئۆلەم بەراندەم .

مەن ئەھلى فەساھەتدە فەيزىڭلە ئۆيلە ،
كىم ئەھلى كەرامەتدە سەن غەۋس ئەئزەم .

دىلىم تىغىنە جەۋھەرى مەدھىڭ ئەيلە ،
مۇسەخخەر ئەجەمدۇر ، مۇقەييەد ئەرەب ھەم .

بەڭا دەھر ئارا دېرلەر ئەھلى مەئانى ،
سېنىڭ رۇھى قۇددۇسىڭلە ھىسسانى سانى .

* * *

ئەيا مىسلى ئادەم مىسالى مۇھەممەد ،
مۇھىتى مەھامىد يەممى سەرسەر مەد .

قەدىم ئىلە ھادىس ئاراسىندە زاتىڭ ،
مۇھەممەددە ئويلەكى مىمى مۇشەددەد .

ئەساتەكدۇر ئول ئەژدەھايى خەۋارىق ،
كى مۇسا ئەساسىن يۇتۇپ سېھر ئېدىپ رەد .

ۋۇجۇدىڭلە تا رەۋز مەھشەر ،
سېنىڭ جەددىڭ ئەييامى ئولدى مۇجەددەد .

قەپۇڭدە قاراتاش كىبرىت ئەھمەر ،
ئاياغىڭ ئۇپۇپ خاك لەۋھى زەبەرجەد .

نىگاھىڭدا تەئسىر ئەكسىرى ئەئزەم ،
كى سىماب نەفەس ئولە رۇھى مۇئەققەد .

غۇبارى رەھىڭ ھۆرۇ رىزۋانە ۋىرمىش ،
ئەبرى مۇئەنبەر گۇلابى مۇسەئئەد .

سېنىڭ مۇنكىرىڭنىڭ دۇرۇر خاس مۇلكى ،
جەھىمى مۇسەئئەر ئەزابى مۇئەببەد .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سېنىڭ مۇخلىسىڭ رۇھىغە ۋەقفى مۇتلەق ،
بېھىشتى مۇھەييا نەئىمى مۇخەللەد .

تەجەللى بەنەم مەردى مەيدانى مەئنى ،
زەبانىم سەنايىڭلە تىغى مۇھەننەد .

قاپۇمدە دۇتۇپ راھۇ رەسمى گەدايى ،
فۇزۇلى-فۇزۇلى ، نەۋائى-نەۋائى .

*　　*　　*

خەلق ئېتدۇقدە قادىرى قەييۇم ،
قىلدى بىر نەرسەنى ھەركىمە مەقسۇم .

يەر بىساتىنە مەردۇم ئەزھارىن ،
ئاسمان بەزمىيە چىراغى ئەنجۇم .

مەلەكى نۇردىن مۇتىئ ئەتمىش ،
جىننى سەركەشكى دەرانھايۇ سەمۇم .

قىلمىش ئىنسانىنى خاس مەزھەرى زات ،
ئەيلەيۇپ خاكدىن جەھۇل ۋە زەلۇم .

سۇگرە بۇ نەۋئىدىن كارامەت ئىلە ،
غەۋسى ئېتدى مۇكەررەمۇ مەخدۇم .

ئول ۋىلايەت نەھادىنە ئۇنسۇر ،
ئول كەرامەت ۋۇجۇدىيە ئەقنۇم .

زىكرىلە بەيتى ئاسمان مەئمۇر ،
ئىسمىلە خۇممى مەئرىفەت مەختۇم .

كەلىمدىن ئول ۋۇجۇد مەھفايىد ،
ئەقد ئىجاد ئەيلىمىش مەنزۇم .

ئەڭا ئەقتاب ۋە ئەۋلىيا دېرلەر ،
كىم بىزە سەن ۋەلى ۋەسەن مەخدۇم .

ھەيدەرە لەختى دىل بەتۇلە بەغىر ،
ئەھمەدە جان ، خۇدايە ئەينى ئۇلۇم .

قۇتبى ئەرزۇ سەما مۇھىددىن ،
مەزھەرى قادىرى قەييۇم .

ئول ئەمىر ، ئەۋلىيا ئاڭا ئەسكەر ،
ئول ئىمام ، ئەسفىيا ئاڭا مەئمۇم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باز ئەشھەبدۇر ئۆلكى زىللىندىن،
يۈمن ئالۇپ غەيرەت ھۇما ئۇلە بوم.

غەۋسلىك خەتتى ئۇزرە خەتمى خۇسۇس،
خىلئەتى رۇشدىيە تەرازى ئۇمۇم.

نەزەرىندىن نۇجۇم كۆرمەسە فەيز،
نۇرى يۈمنى ئىسە بولغاي زۇلمەتى شۇم.

تەلئەتى جىلۋەسىندە ئەھلى شۇھۇد،
ئۇيلەدۇركىم قۇياش چىقىندە نۇجۇم.

ئول ئىچىندە مەئارىف ئەستارىن،
كۆزگۇتەك مەھۋە ھەيرەتى ئەھلى فەھۇم.

زاتىدۇر بەرزەخى ھۇدۇس ۋەقىدەم،
سۇفاتى جامىئى شۇھۇد ۋە ئۇلۇم.

تۇرى ھەقۇ كىتاب مەستۇر ئول،
رۇئىيەتۇ مەئرىفەتلە ئىت مەئلۇم.

لەۋھى مەھفۇز سۇيلەسۇنكى نەدۇر،
ئول ئەنىڭ قەلبى ئەيلەسەڭ مەفھۇم.

نەفەسى ئول كەئبەئى سەفار كىم ئەيدۇر ،
سەئى ئەيدۇپ نۇر چۆرەسىندە ھۇجۇم .

ئەۋلىيا ئۇيلە ئەنىڭ ئالىدا كىم ،
ھەق ۋۇجۇدىلە بۇ جەھان مەئدۇم .

سۇننەتىن داشلايۇپ بەشەر ئاسى ،
زەللەتىن يول دۇتۇپ مەلەك مەئسۇم .

كەل تەجەللى كى دامەنىن دۇتەلىم ،
ئولالەم پاكۇ ئۆلەلەم مەرھۇم .

مۇخلىسىنە جەزا نەئىمۇ رەھىق ،
مۇنكىرىنە سەزا جەھىمۇ زەقۇم .

ئول شەرابى تەھۇر ئىلە مەغرۇر ،
بۇ ئەزابۇ سەبۇر ئىلە مەغمۇم .

ئەي كەرەم كانىيۇ سەخا دېڭىزى ،
ئەي سىپەھرى ئۇلا مۇھىتى ئۇلۇم .

تا دەمى رۇھى قۇددۇس ئىلە ئىشقىڭ ،
ھۇجرەئى قىلمە يىتۇردى قۇدۇم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەزم مۈلكىنە ئەقل ئولدى بەگا،
شاھى ساھىبقىران دېيۈپ مەھكۇم.

ھىند تىلىغە ئەيلەدىم تەسخىر،
ئەرەبۇ فارىسىيۇ تەتار ئىلە رۇم.

غەيرەگى ھەرگىز ئۆكەمىم بەنكىم،
بىلمەم ئىخلاس مېھرىنىڭ ئۆزگە رۇسۇم.

مەنۇ سەلۋايى مەدىھىكى قويۇپ،
قىلمىمبەن ھەۋەس بۇ سىل ئىلە قۇم.

بەن كەمىنە گەدايى دەرگەھىگەم،
بەنى لۇتفۇڭدىن ئەيلەمە مەھرۇم.

## قارلىقنامە①

يىل باشىدا قار شۇڭقارى قاقىپ بالۇ پەرى ،
ۋەھمىدىن باغرى قارادەك ئۇچتى خۇشلۇق كەپتەرى .
بەھرى ئەخزەر مەۋج ئۇرۇپ ساھىلغە كەف تارقاتتى ، يا ،
نەستەرىن ساچمىش جەھانغە رەۋزەئى نىلۇفەرى .
باغى سەۋسەندىن ئەجەبدۇر ياسۇمەن ئاچىلماقى ،
يوق ئەجەبكىم پىرگەردۇن شىۋەسىدۇر ساھەرى .
كۆر ، تەماشا ئاچتى لادەن تەبلەسىن ئەتتارى دەھر ،
لىك لادەن ئورنىدا كافۇر تۆكمىش ھەر سارى .
تۈشتى چۈن سىمابدەك ھەر نەخلە ئول كافۇر تەر ،
شاخلار دەندانى فىل ئولدى زىھى سەنئەتگەرى .
يەر يۈزىگە نىل خۇمىدىن سەفىد ئابى ساچىپ ،
سىمياسىن كۆرسەتۇر بۇ پىر زالۇ چەنبەرى .
يا قەزا پىرى فەلەك باشىغە تۈشتى سەرتەراش ،
كىم تۆكۈلدى يەرگە ئول پاغۇندە يەڭلىغ ساچلەرى .
تەركى گەردۈن يا مەگەر كۆك بەزمىدە بەدمەست ئولۇپ ،
رىش-قازىنى يۇلۇپ خەس كەبى تاشلار تاشقارى .

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى .
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى .

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يا بۇلۇت مازەندەراندىن چىقىپ دۇي سەفىد ،
سۇردىمۇ نەۋرۇز كاۋۇسىغە شەبخۇن لەشكەرى .
زەمھەرىر ئۇلدى جەھان ئەمدى كېرەك دەفئى ئۇچۇن ،
بىر قىمىزىق تەبئ ئاتەشىن تەلئەت نىگارى ئازەرى .
سەرۋ نازى خۇش خەرامى كىم چەمەنگە قىلسا مەيل ،
قەددى ئالىدا خىتا يەڭلىغ باش ئۇرغاي ئەرئەرى .
ئۇلتۇرۇپ تەمكىن ئىلە مەبھۇت قىلغاي ئەقلىنى ،
تەبرىسە ھەر ئۇزۇۋدىن تامغاي ئەدايى دىلبەرى .
غەمزەئى خۇنخارىدا چىنگىز زۇلمى تەئبىيە ،
تۇررەئى تەرراررەنىڭ تەرزىدە ۋەزئى كافەرى .
كۆزۈ قاشى ئىشۋە فەۋجىن گەرم جەۋلان ئەيلەگەچ ،
زىرۇ بالى ئول سوزىدىن بولسا سەبرىم كىشۋەرى .
تابۇ تاقەت ئۆرتىمەكچۇن لالەگۇن رۇخسارى ئوت ،
ئول ئوت ئۇزرە زۇلفى سۇنبۇلدەك بوخۇرى ئەنبەرى .
نەرگەسى ھارۇت شىۋە لەئلى سەھبا خاسىيەت ،
بۇ بولۇپ تەقۋاغە رەھزەن ئول خىرەد غارەتگەرى .
خۇش نەۋائىكىم ئانىڭ رەشك ئوتىدا قەقنۇس كەباب ،
خۇش ئەدايىكىم ئەدا بولغاي ئۇسۇلىغە پەرى .
قازى ئەنجۇمى ئانىڭ رەقسىغە كۆڭلىن ئۇتتۇرۇپ ،
رۇھ پەرۋەر سەۋتىغە جان نەقدى بىرلە مۇشتەرى .
مەست ئولۇپ مەي كەيفىيەت ئاۋازىدىن رەققاسى چەرخ ،
ئاڭا پايئەنداز قىلغاي تۇشسە باشدىن مەھجەرى .
خىلۋەتىمنى ئەتسە رەڭگىن تەلئەتى باغى بىھىشت ،
خاتىرىمنى تىيبەتى مەسرۇر خەمرى كەۋسەرى .

تەشنە جانۇ تەلخ كامىم لەبلەرىدىن قىلسا نۇش ،
گەھ شەرابى بابىلىيۇ گاھى شەھرى خىللەرى .
ھۆسنۇ ناز ئەھلىدە نا مەۋجۇد مىسلى ئول سىفەت ،
كىم ئەبۇلفازىلغە جۇد ئەھلىدە يوقتۇر ھەمسەرى .
ئول گۈلىستانى مۇۋەددەتنىڭ بەھارى خۇررەمى ،
ئول جەھان سىدقىيۇ سەفۋەتنىڭ سەباھى ئەنۋەرى .
رەخشى دەۋلەت فارىسى نۇرى سەئادەت قابىسى ،
ئەۋجى ھىممەت كەۋكەبى مەۋجى ئەسالەت گەۋھەرى .
مېھرۇ ئىخلاسۇ ۋەفاۋۇ مەكرۇمەتدىن ئۆزگە يوق ،
پاك تىينەت پەيكەرىنىڭ تۆرت بولسا ئۇنسۇرى .
نىلۇ جەيھۇنۇ فىراتۇ قۇلزەمۇ ئۇممان ئېرۇر ،
بەش ئىلىك قولىدا سۆز ئىغراقۇ شەبھەتدىن نەرى .
ئەبرى گەۋھەر بادى ئاساكىم ياغار گۈلزار ئۆزە ،
ئىلمۇ ھىكمەت ئەھلىگە ئەيلەر ئىنايەت گۇستەرى .
زاتىدۇر ئانىڭ شەھامەت ئىلكىدە بىر تىغكىم ،
غەيرەتى ئاڭا ئىتىك بىسدۇر نەجابەت جەۋھەرى .
كۆڭلىدىن گۇيا فەراسەت پەرتەۋىدىن جامى جەم ،
سىينەئى بىكىنەسى ئايىنەئى ئىسكەندەرى .
ئەقلدىن سوردۇم كىرامى زاتى مىقدارىن ، دېدى :
سەئدۇ رىفئەت ئاسمانى ئۆزرە ئولدۇر مۇشتەرى .
جەمئى ئەئيان بەھجەتىدۇر بارچە ئەقران ئىززەتى ،
ھەم ئۇلارنىڭ ئىفتىخارى ھەم بۇلار سەر دەفتەرى .
شەئنىغە مەدھۇ سەنا شايىستەدۇر ئول نەۋئىكىم ،
بولسا كۆز ياقۇتدىن بولغاي ئۆزۈك باغى زەرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوخشىماس ئەغيار ئاڭا ھەرگىز سەماھەت بابىدا ،
ئۆيلەكىم شۇنقارغە بايقۇش ، ساغىزخان ، دۇغدەرى .
ئەي ، مەكارىم باغىنىڭ تۇبىي مەسەللىك دەۋھەسى ،
ئەي ، مۇھەببەت ئىلكىدە بەيزا نىگىن ئەنگۇشتەرى .
قارلىق تۈركى قەسىدە مىدھەتىڭدە يازمىشام ،
رەشك ئاھەنگى ھىجازى غەيرەتىدۇر دەر دەرى .
نۇكتەرەسدۇر سەن ئەمەس مەقسۇد ئىزھارى زەرۇر ،
راز ئەھلىنىڭ تىلى خوش ئۈلكى بولغاي زەرگەرى .
سەن بىلۇرسەنكىم تەجەللى خۇللەتىڭ مەنزۇرىدۇر ،
ئول بىلۇركىم سەن ئېرۇرسەن لۇتۇق ھەقنىڭ مەزھەرى .
مەن بەدەل قىلمام ساڭا بۇ ناھىيەت ئەربابىنى ،
گەرچە بولغايلار تەمەۋۋۇل ئالەمنىڭ مىھتەرى .
ھەنزەلۇ زەققۇمغە تۇبىينى بەرمەس باغبان ،
شىشەۋۇ بىللۇرنى ئالماسە ئالماس جەۋھەرى .
سەۋسەن ئاسا يۈز زەبان بىرلە دۇئا قىلسام ساڭا ،
رىفئەتىڭنىڭ يۈز ھوقۇقىدىن ئادا بولماس بىرى .
ھاسىدىڭ جانۇ دىلىن مەجرۇھۇ ئەفكار ئەيلەسۇن ،
مىھنەتۇ غەم ئوقلارى تەشۋىشۇ ماتەم خەنجەرى .
دوستۇڭ ئاغۇشىيۇ ئىلكىدە بولغاي سۇبھۇ—شام ،
جانفەزا ئىشرەت ئەرۇسىيۇ مەسەررەت ساغەرى .
بولغاسەن ئەيۋانى دەۋلەت ئىچرە ئىززەت سەدرىدە ،
ئۆيلەكىم بۇرجى شەرەف تەختىدە مىھرى خاۋەرى .
ئەمىن ھازىر ، خەۋف غائىب ، سەئد نازىر ، نەھس كور ،
غەم نىھان ، فەرھەت ئەيان ، دەۋلەت يەقىن ، نەكبەت نەرى .

* * *

شۇئلەدۇر ئول قۇياش كەبى بىدار ،
بۇ گۇلى ھۇسنى گۇلشەنى بىخار .
تەبىئ ئول شۇئلە ئۆزرە پەرۋانە ،
ناتىقە ئۇشبۇ گۇلغە مەستى ھەزار .
زەۋق ئىشق ئول نەقد جەننەت ئېرۇر ،
قىشتا مەيخانە ، ئەرتەياز گۇلزار .
دەر قىزىغ رەندە دەۋزەخى ۋائىز ،
كۆپ خەنكلىك قىلىپ ئاڭا ئىزھار .
ئىرىتۇر ئوت بىرلە كۆك مۇزنى ،
ساۋۇق ئەنفاسىغە كىرەكدۇر نار .
تەئمۇ تەبئۇ ئىكىسىنىڭ مەئلۇم ،
كىم ئېرۇر ئىشق خەمرۇ زوھد خەيار .
دەردى مەي زەۋقىنى بىلۇر ئاشىق ،
چاي سەد تەڭلىكنى ئەھل بىخار .
چىقما مەيخانەدىن شىكار ئىستەپ ،
بەتتە مەيدىن ئوقۇپ بولۇرمۇ شىكار .
قۇتۇلۇرمۇ سۇرۇر سەيدى قاچىپ ،
بولغاچ ئىلكىڭدە جامى مەي شۇڭقار .
بارماغىل خانىقەھ خارابەسىغە ،
تىگىدە باغىدىن چىقىپ زىنھار .
گەنجى مەقسۇد ئول خەرابەدە يوق ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قورقام ئانداكىم چاقار سېنى مار .
بۇم ئاۋازىدۇر رىيائى زىكىر ،
دىلنى چۇن قىلغۇسى ئول ئاخىركار .
دەير ئىچىدە نەۋا چېكەر ئۇششاق ،
خۇش ھۇمايۇن نىچۇككى مۇسىقار .
ھەر ئىككىسى ھەرام غەفلەت ئىلە ،
نەغمەئى چەڭۇ سەيھەئى ئەزكار .
سەيد ئۈچۈن سۇبھەدامى قۇرماقدىن ،
فەرز ئېرۇر تەۋبە ۋاجىب ئىستىغفار .
بىلە يۈز دانە سۇبھە گەردىشىدىن ،
ياخشىراق جام گەردىشى يۈز بار .
دەر ، "يامان" ئىشقبازلىقنى فەقىھ ،
ياخشىمۇ كىبرۇ نەخۋەتى دىندار .
مەي گۇلرەڭۇ تەئمى بولسا ئاچىغ ،
جىفەئى غەيبەت ئولدىمۇ خۇشخار .
شاھدا دېمەك يامان قىلىغ بولسا ،
ھەسەد ئولغايمۇ خىسلەتى دىندار .
بولسارىند ئېئتىقاد ئىچرە خۇتۇر ،
ئىفتىرادۇرمۇ ئەۋلىياغە شىئار .
ۋۇسئەتى رەھمەتى سەلاسى بۇدۇر ،
كىم ئەمەسدۇر كەرىم دەرگەھى تار .
تەڭرىنىڭ رەھمەتىمۇدۇر مەھسۇر ،
كەرەمىغە رەۋامۇدۇر ئىنكار .
بارچە سىراب ئولۇر ياغىن ياغسا ،

گۈلۈ رەيھان قەتارىدە خەسۇخار .
پارسا شەيخ دەرەند تەردامەن ،
نېئمەتىدىن ئەمەسمۇ بەر خوردار .
بىر توقان بەندەلىك جەنابىدەدۇر ،
ئامى ئىلە فەقىھۇ باز ئىلە سار .
ئوخشە خەۋفۇ رىجا مەقامىدە ،
رىند سەرمەستۇ شەيخ شەب بىدار .
بولسا تائات رىزاغە فارىق ئېرۇر ،
مەئسىيەت مەغفىرەتغە ئائىنەدار .
مەستلەر زىللەتىن كەچۇرسە نېتاڭ ،
شەيخ سالىھ رىياسىلە غەففار .
مەۋج ئۇرغاندا بەھر غۇفرانى ،
غەرق ئولۇر بارچە زاھىدۇ مەيخار .
ئول جامالۇ جەلالى مەزھەرىدۇر ،
جەننەتۇ دەۋزەخ ئىچرە نۇر ئىلە نار .
ئەدلىغە مۇنتەزىر ئېرۇر ئابىد ،
كۆز تىكىپ فەزلىغە ئۇلۇل-ئەبسار .
ھەق دېسەم شاھىدۇ ھەقىقەتغە ،
ئىشق كەلمىش غەيۇرۇ ئەقل ئەغيار .
ئەقلۇ شەككاكۇ فەيلەسۇف ئەھۋەل ،
بولدى ھەيرەت يېگانە بىنىغە دۇچار .
ئىشقسىز بۇ ھىجابۇ ئەھۋەللىك ،
مۇرتەفىئ بولماقى ئېرۇر دىشۋار .
رەھبەرىڭ ئىشق سارى پىرى مۇغان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىم ئۆپەرلەر ئاياغىنى ئەھرار .
بول مەيى ئىشق بەھرى ئىچرەسىغە ،
بولما زاھىدغە ئوخشە بۆتىمار .
بولماسا ئىشق زەۋقى مەدرىسەدىن ،
ياخشى مەيدانكىم ئاندا بار ئەسرار .
ئىشق ئىلمىدا لالدۇرلار لال ،
رازىيۇ بۆ ئەلىيۇ بەھنىيار .
ئىشقدىن خاتىر ئىچرە تۆشسە تۆگۈن ،
ئەقل تىرناغى ئاندادۇر بىكار .
ئانى ئاچارغە ناخىن ئولسا كىرەك ،
ئەگمە قاش خەنجەرىيۇ زەخمەئى تار .
بەھسۇ دەئۋاغە ئەرسەگاھ ئېرۇر ،
مەدرىسە سەھنى قىلما ئاندا گۆزار .
ئىشق دەرسىنى ئەيپۇھۆت-تالىب ،
مەيكەدە گۆشەسىدە قىل تەكرار .
خۆبلار تەلئەتىن تەۋالېئ بىل ،
كىم مەتالېئ ئېرۇر ئاڭا بازار .
كۆز سەنەملەر نەزارەسىغە ئاچىپ ،
كۆر ھەياكىلىنى ھەيرەتى ئەنزار .
دىلۇ جانىڭغە ئىشق ئولۇر مىسباھ ،
مۇنى مىشكات ئەيلە ئانى مەنار .
بولسا ھىممەت كىرەك ساڭا سۇللەم ،
كىم مۇۋافىقدۇر ئاستانەئى يار .
يۈزى شەمسىيە بىرلە بەيزاۋى ،

بادە جامى مەشارىقۇل ئەنۋار .
قارا باغى يۈزىدىكى قاراخال ،
كىم خەيالىدا داغ ئۇلۇر دىلزار .
قاشى ئىشارات كۆرسەتۇر ئانداغ ،
كىم بىشارات كەلتۇرۇر دىيدار .
مۇختەسەر ئاغزىيۇ مۇتەۋۋەل ساچ ،
يۈز مەئانى بەيان قىلۇر ھەر تار .
ھىكمەتۇل ئەين رەمزۇ-نۇكتەلەرىن ،
بىلدۇرۇر بىر نىگاھى بىرلە نىگار .
كافىيە دىلرەبا كەلامى ئېرۇر ،
شافىيە خەستە جانغە بۇ سۇ كەنار .
بىلگەسەن جامىئۇررۇمۇز نېدۇر ،
ئىشۋە گەر قىلسا قاشىن ئول دىلدار .
ساف سەھبا ۋو يانە تىشلارىدۇر ،
بەھرى رائىق بىلە دۇرى مۇختار .
ئۈزلۈكۈڭ غەللۇ غەشىدىن قۇتۇلۇپ ،
زۇبدە بىرلەن خۇلاسە بول يەكبار .
ئوقۇسۇن خەلق ئىشق كەششافىن ،
بۇ سۆزۈمدۇر مەدارىس ئەھلىغە جار .
ئەي ، تەجەللى ، سەن ئۇرما تەئنە ماڭا ،
كىم بولۇپمەن سەلاھى ئەھلىدە خار .
خار كۆرسە سەلاھى ئەھلىنىي غەم ،
كىم خەرابات ئىچىدە قەدرىم بار .
تۇتماسام پىرى دەيرنىڭ ئېتەكىن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوق مەلامەت لىباسىدىن ماڭا ئار .
سىقانىدا ئۆزۈمنى بادە ئۇچۇن ،
جامى ئەسىر ئېرۇر ماڭا خەممار .
بىلۇرام راھى نەكمەتىن نەفەھات ،
قەترەلەرىنى سۇبھەتول- ئەبرار .
مەندە يوق دام سۇبھەۋۇ دەفتەر ،
مەندە يوق رەڭ خىرقەۋۇ دەستار .
ئەھلى دەئۋا چالىپ نەقارەلەرىن ،
مەن خەمۇش ئىلە قىلۇر نەققار .
ئاندا ئازادەمەن سۆزۈم مەيى ناب ،
غەرەز ئالۇدەۋۇ غەتىدىن بىزار .
قۇم سەدايى كەبى مەسىھادىن ،
سەمئىمە ئاڭلانۇر تەرەننۇم تار .
گاھى فەرزانەلىك ماڭا ئائىن ،
گاھى دىۋانەلىك ماڭا ھەنجار .
ھەزرەتى مەۋلەۋى مۇھەببەتىدۇر ،
مېنى مەست ئەيلەگەن مەيى ھۇشيار .
ئول ئەبۇلفەيز مەۋلەۋى يولداش ،
ئەسمەئى مەنتىقۇ فەزىل ئەتۋار .
ئىلىم كوھى ئېرۇر ۋەلى راسىغ ،
جۇد بەھرىدۇرۇر ۋەلى زەخخار .
فەھمى ئالىدە يوق ھەكىمغە سۆز ،
تۆيغۇن ئالىدەدۇر ھەقىر ھەققار .
بولسا ئېردى بۇگۇن غەزالى ئاڭا ،

ئارسلان دەپ قىلۇر ئىدى ئىقرار .
كىلكى نەخلى كەلىم ئېرۇركى تۇشەر ،
كۆرسە ئانى زەمەخشەرىغە شەرار .
خىزرى مۇسا كەبى مۇسەللەم ئاڭا ،
ئىلمۇ ئىرفان جەھانى ئىچرە فەخار .
مۇشتەرى كۆكدە تەيلە سانسىزدۇر ،
كىم ئانى قىلغان ئېرمىش ئاڭا نىسار .
يوق ئەجەب ئېھتىسابى ۋەھمىدىن ،
مۇترىبى چەرخ چالسا بىرگە سەتار .
مىدھەتى نەغمەسى ئەدا تاپماس ،
سوز بولۇپ مەسنەۋى قەلەم مىزمار .
يانىپ ئاخىر دۇئا تەرانەسىغە ،
يۆتكەدىم پەردە يۆرگەدىم تۇمار .
دامە نەجمۇلمۇ دايۇ شەمسۇ ئۇلسە ،
مەنسەرەت زۇلمەتۇن بىزەۋئى نەھار .

---

( بۇ شېئىر تەجەللىنىڭ ئۆز دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان .)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تەجەللىنىڭ قەشقەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا ئەۋەتكەن شېئىرلىرى①

ئى بادىسەھەر بەر خىيز ،
مىشكىن دەمۇ ۋە ئەترۇ ئامىز ،
زەۋقو ئاۋەرۇ شەۋقۇ ئەنگىز ،
بەرزەن بەكەمەرەد دامەن .

[ئەي ، سەھەر شامىلى- ئورنىڭدىن تۇر ، نەپسىڭگە ئىپار ۋە ئەتىرلەرنى ئارىلاشتۇر . زەۋقىڭنى كەلتۇر ، شەۋقىڭنى قوزغا ، بېلىڭگە سەپەر كەمىرىنى باغلىغىن !]

دەررەھ قەدەم ئەزسەركۇن ،
ۋەز خاتىرى مەن پەركۇن ،
رۇخ جانىبى كەشغەر كۇن ،
بەر تۆھفە سالام ئەزمەن .

① 1984-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ، ئابلىھېكىم مەخسۇم ھاجى نەشرگە تەييارلىغان . «تەجەللى— مۇجەللى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .

[يولۇڭدا بېشىڭنى يۇت قىلىپ ماڭ ، مېنىڭ خاتىرەمنى ئۆزەڭگە قانات قىلىۋال . يۇزۇڭنى قەشقەر تەرەپكە قىل ، مەن تەرەپتىن سالام سوۋغىسىنى ئېلىپ بار .]

بەر ھەمدەمى فەرروخ زاد ،
ئان ئەبدەجەلىلى راد ،
كەز يادى ۋەيەم دىل شاد ،
جان مېھرودا مەسكەن .

[دۇنياغا تۇغۇلۇشى مۇبارەك بولغان ساخاۋەتلىك ھەمنەپەس بۇرادىرىم ئابدۇجېلىلغا سالام يەتكۈز . ئۇنى ياد ئەتمەك بىلەن دىلىم شادلىنىدۇ . جېنىم ئۇنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ تۇرار جايىدۇر .]

ئان چەرخى سەداقەترا ،
دەريايى لەياقەترا ،
گۈلھايى تەلا قەترا ،
نەجمۇ گۇھەرۇ گۈلشەن .

[ئۇ بولسا ، ساداقەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى ، لايەقەت دەريا-سىنىڭ گۇھىرى ،راۋان سۆزلۈك ،گۈللەرنىڭ گۈلشىنىدۇر .]

ئەخلاقى خۇشەش چۇن گۈل ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەنخاس بىھ ئەز سۈنبۈل ،
ئۇ بەزلە سەرا بۇلبۇل ،
ۋەقران زى بەكەم سەۋسەن .

[ئۇنىڭ ياخشى ئەخلاقلىرى گۈلگە ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭ نەپەسلىرى سۇمبۇلدىنمۇ خۇشبۇي ، ئۇ سۆزمەنلىكتە گۈزەل سايرايدىغان بۇلبۇل . ئۇنىڭ سۆزمەنلىكى ئالدىدا ھەمتەڭلىرى گاچا سەۋسەنگە ئوخشاش .]

تەبئۇ قەلەمەش يەكسەر ،
ئەز نۇكتە شىگىفت ئاۋەر ،
ھەر نۇكتەئى ئەۋ گەۋھەر ،
ھەر نامەئى ئۇ مەخزەن .

[ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە قەلىمى ئىنسانىنى ئەجەبلەندۈرەرلىك نازۇك لەتىپىلەرنى كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ھەربىر لەتىپىسى بىر گۆھەر ، ئۇنىڭ يازغان ھەربىر مەكتۇبى بىر غەزنە مەسەللىكتۇر .]

چۇن نامەئى ۋەي خوانەم ،
يەك شىشەئى مەي دانەم ،
ۋەز فەرتى تەرەب جانەم ،
رەقسەد چۇشەرەر دەرتەن .

[ ئۇنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇسام ، بىر شىشە مەي دەپ بىلە-
مەن . ئۇنى ئوقۇغاندا ، بەك خوش بولغىنىمدىن جېنىم تېنىم
ئىچىدە يالقۇنغا ئوخشاش ئۇسسۇل ئويناپ كېتىدۇ .]

فەرخۇندە نىھا دەستى ،
شايان ۋىدا دەستى ،
ماراتۇ مورا دەستى ،
گۇكور شەۋەد دۇشمەن .

[ مۇبارەك ۋۇجۇد كىشىسەن ، دوستلۇققا لايىق بۇرادىرىمە-
سەن ، مۇراد-مەقسىدىمسەن ، دوستلىقىمىزغا چىدىماس دۇشمەن-
لەر كور بولسۇن .]

ئەي دىل بەرۇخەت شەيدا ،
ھەمتايى تونا پەيدا ،
ئەز شەۋقۇ تۇ دەر بەيدا ،
دارەم دىلى جەۋلانى زەن .

[ ئەي دىلىم ، سېنىڭ يۈزۈڭگە ئاشىق بولغان ۋە سەن بىلەن
باراۋەر بولغۇچى بىر ئالىي پەزىلەتلىك كىشى بولغان دوستۇم !
يۈرىكىم داۋاملىق سېنىڭ ئىشتىياقىڭ بىلەن قانىتىڭدا جەۋلان
قىلىدىغان دوستۇم .]

ئەزمەن نەشەۋى غافىل ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى كۇتۇپخانىسى
www.uyghurkitap.com



دورى نەگەرەم قاتىل ،
ۋەز تىرى ھاۋايەت دىل ،
گەردىدە چوپەر ۋيزەن .

[مەندىن غەپلەتتە بولمىغايسەن . سېنىڭ خېتىڭ كەلمەي ، ئۆزۈن قاراپ قالغىنىم — مېنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر . سېنىڭ شەۋقىڭنىڭ ئوقلىرىدىن يۈرىكىم غەلۋىرگە ئوخشاش تۆشۈك بولماقتا .]

مىۋ روز ئىنا پەتھا ،
بىفرىست ھىكايەتھا ،
بىنۋىش شىكايەتھا ،
ئى ھەر رەۋى شەت ئەخسەن .

[مەرھەمەت ۋە غەمخورلۇقنى ئۆگەنگەيسەن . ئەھۋاللىرىڭ ۋە ھېكايىلىرىڭنى بىزگە ئىۋەتكەيسەن . شىكايەت قىلغۇدەك ئىشلار بولغان بولسا ، ئۇنى ھەم يازغايسەن ، ئەي بارلىق ئەخلاقىڭ گۈزەل دوستۇم !]

گەر نەزىم بۇۋەد دىلكەش ،
با نەسىر گۈلىستان ۋەش ،
خودو ھەرچەكۈنەد دىلخەۋش ،
چۈن بۇيى گۈلۈ لادەن .

[ئەگەر دىللارنى جەلپ ئېتىدىغان شېئىرلارنى «گۈلىس-تان» دېگەن كىتابنىڭ ئۇسلۇبىدەك چاچما سۆزلەر بىلەن ئارى-لاشتۇرۇپ يازساڭ، بۇ دىلىمنى بەكمۇ خۇش قىلىدۇ— قىزىل گۈل بىلەن لادەن گۈلىنىڭ بويى بىرلەشكەندەك.]

ئان نادىرە هادەر بەزم،
ۋان ۋاقئەها ئەز رەزم،
ئەز ئەهلى نەشاتو ئەزم،
باشەد هەمە مۇستەهسەن.

[بەزمىلەردە ئۆتۈلگەن ناباپ ئەهۋاللارنى، چەۋەر ۋە ئۆتكۈر ئىرادىلىك زاتلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشلىرىنى قويماي يازساڭ، بۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن.]

ئەز هىممەتى غازي شۇر،
ۋەز تەبئى شوئائي نۇر،
ۋەز شەمئى فوروغي هۇر،
خاتىر كۇنەدەم رەۋشەن.

[غازى① تەخەللۇسلۇق ئالىمنىڭ غەيرىتىدىن چىققان غەۋغا-

---

① غازى— ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى ”كۈرەش قىلغۇچى“ دېمەكتۇر.

تۈركىي كىتاب تورى يىغىشتىن
www.uyghurkitap.com



لارنى، شۇئائىنىڭ① تەبەسسۇمىدىن چاقنىغان نۇرلارنى، فوروغى-نىڭ② چىراغىدىن يالتىرىغان يورۇقلۇقلارنى يازساڭ خاتىرەمنى بەكمۇ خوش قىلاتتى.]

ۋەز يارى زەرىفى ما،
خوررەم دىلۇ روخ ئەفزا،
جان تازە كونەد ھەققا،
كىئىجازى مەسىھەش فەن.

[ۋە يانا زەرىف③ ئاتلىق بۇرادىرىم ئەھۋالىدىنمۇ يازغاي-سەن. ئۇ بولسا، خوش كۆڭۈل، ئۇنىڭ سۆھبىتى جانلارغا قۇۋۋەت بەرسە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىگە ئوخشاش تەسىرلىك سۆزلىرى دىللارغا جان بېرىدۇ.]

بىغەرەست بىلا تەمھىل،
مەنزومە ئەز ئىسرافىل،
غەم زادى ھەد ئو تەرھىل،

---

① شۇئائى — مەھمۇت ئاخۇن داموللامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، مەنىسى "نۇرلۇق" دېمەكتۇر.

② فوروغى — شەمسىدىن داموللامنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، مە-نىسى "گۈزەل، نۇرلۇق" دېمەكتۇر.

③ زەرىف" — ئەقىللىق"، "زېرەك" مەنىسىدە بولۇپ، زىرىف قارى ھاجىمنىڭ نامىدۇر.

چۈن باغگى نەيۇ ئەرغەن .

[ ئىسرافىل① ناملىق بۇرادىرىمىنىڭ ئەھۋالىدىن تەخىرسىز بىر ياخشى تىزنقلىق خەتنى ماڭا يوللىغايسەن . بۇنداق مەكتۇپنىڭ خۇش ئاۋازىدەك كۆڭلۈمدىن قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ— نەي ۋە ئورغون سازلىرى.]

دىگەر بەھەمە ئەھباب ،
ئان جەمئى ئۇلىل ئەلباب ،
ئەز بەندە بەسەر ئاداب ،
تەسلىم رەسان ئەزمەن .

[ يۇقىرىدا نامى يېزىلغانلاردىن باشقا بارلىق بۇرادەرلىرىمگە ، ئەقىللىق ئالىملار جامائەسىگە مەن كەمتەر تەجەللىدىن ئەدەب بىلەن يۈزلەرچە سالام يەتكۈزگەيسەن .]

ئىشقەست تەجەللى چۈن ،
ئەز خىتتەئى خەت برون ،
كۈن خەتمى سۇخەن ئەكنۇن ،
ئەز دەستت قەلەم بىغگەن .

① ئىسرافىل— ئىسرافىل داموللامىنىڭ نامىدۇر . بۇ زاتمۇ شائىرنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى بولغان نامدار ئەدىب ، پەزىلەتلىك ئالىمدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ئەي تەجەللى ، سېنىڭ ئىشقى-مۇھەببىتىڭ خەتنىڭ سىدىزىقلىرىغا سىغدۇرۇلۇشتىن تاشقىرىدۇر . ئۇنداق بولىدىكەن مۇھەببەت ، سالام سۆزىنى ئەمدى تۇگەت ، قولۇڭدىن قەلەمنى تاشلا .]

* * *

بىئىسمىل ۋە دودىل جەلىلى تەئالا ۋەتەقەددەس

[ياخشى بەندىلەرنى دوست تۇتقۇچى ئۇلۇغ ، گۈزەل ، ھەممىدىن ئالىي ، پاك ، تەڭرىمنىڭ نامى بىلەن تەۋەرۇك ئىزدىگەن ھالدا خېتىمنى باشلايمەن .]

ھەمدەن لەھو ئەلاما ئەۋلانامىن
ئىنايەتىس سابىقەتى ۋەجۇدىھىل مومادى
ھامىيە ئەھازىپىل مەۋاھىبى
ۋەشە ئابىبەل ئايادىي

[ئاللا بىزلەرگە كامىل غەمخورلىقى ۋە چەكسىز سېخىيلىقى بىلەن نۇرغۇن ئىھسانلارنىڭ شېرىن سۇلىرىنى ، سانسىز نېمەتلىرىنىڭ يامغۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ بەرگىنى ئۇچۇن ، ئاڭا گۈزەل ماختاش ۋە شۇكۇرلەر يوللايمەن .]

ئەلا مابەررەدە جەۋا كەبىل ھەربى يى
ۋرەۋۋا ھەشايەس سادىي
بىھۇمۇئى موزنەتى لۇتفىن ئەنشەئەھا
مەن مەكارىمىل ھەبىبىل بىسمىل جادى

[خۇسۇسەن ، ئوچۇق چىراي ، خۇش پېئىل دوستۇمنىڭ ئېسىل ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنىڭ مېھرىۋانلىق بولۇتىنىڭ يامغۇر تۆكۈشى بىلەن ئاللا مېنىڭ قىزىق جىگىرىمنىڭ ئوتىنى سوۋۇتقانلىقى ۋە تەشنا يۈرىكىمنى سىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە شۈكۈر-سانا يوللايمەن.]

ئەلا ئىنىنەھول ھاجىو ئەبدۇل جەلىلى ساھىبۇ
مەقامىيل ئۈنسى مەن بەيتى فۇئادى

[ئاگاھ بولغىل ، بۇ دوستۇم بولسا— مۇھەببىتى-يۈرىكىم ئۆيىدىن ئىختىساسلىق ئورۇنغا ئىگە بولغان ئابدۇجېلىل ھاجىمدۇر.]

ئەدئۇلەھۇ ھۇببەن ۋەئۇئېزوھو بىللاھى
مەن كەيدىل ھوسسادى ۋەل ئەئادىي

[بۇ بۇرادىرىم ھەققىدە دۇئا قىلىمەن . ئاللادىن ئۇنى ھاسىدلار ۋە دۇشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكرىسىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيمەن.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



ۋەلەم يەزەل مۇرائىيە ئەھدىن
لىمۇ ھەببەتى ھەسبە مۇرادىي

[بۇ بۇرادىرىم ئارىمىزدىكى مۇھەببەت ۋەدىلىرىمىزگە تو-
لۇق ،كۆڭلۈمدىكى مەقسىدىمدىكىدەك رىئايە قىلىپ كەلمەكتە.]

ۋەكەيفەلا ۋەقەدكەساھو ئەيدىل فىترەتىل ئىلاھىييەتى
ھولەلەسسەجايان نەزىھەتى ۋەئىكلىلەل ئىززەس سەئادىي

[قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟ ھالبۇكى ، ئاللانىڭ يارىتىش
سۈپىتىنىڭ قۇدرىتى— ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا پاك ۋە ئېسىل ئەخلاق-
لىرىنىڭ ئالىي كىيىملىرىنى ، ئىززەت-سائادەتنىڭ تاجىنى
كىيدۈرۈپ ياراتقاندۇر.]

فەمالەھۇفى سەدادىھى نىددۇۋ
ۋەلا يەلىدوھو ھودەييا مۇزادى

[راستچىللىق ھەم توغرىلىقتا ئاڭا باراۋەر كەلگۈچى يوق ،
بۇنداق پەزىلەتلىك كىشىنى ھېچبىر مۇسابىقچى ئانىمۇ تۇغمى-
غان.]

مائەقۋا ھوستىئىدادەن لىلئولۇمى ۋەئەئلاھو
فەھمەن كۇللۇ ئەدىيبىن ئىييا ھوبىھەۋبائە فادىي

[ بۇنىڭ ئىلىملەرگە بولغان ئىستىدات-قابىلىيىتى ئاجايىپ كۈچلۈك ، پەم قوۋۋىتى ئەجەپمۇ ئالىي . ھەرقانداق ئەدىپ ، ئالىملار ئۇنىڭغا جان-دىل بىلەن پىدا بولغۇچىدۇر .]

ۋەئۇنەبىبىيەى بىۋۇسولى تىرسىھى بەئد
تەتەللۇئىن قەدئەتالە سوئادي

[ مەن ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ، سېنىڭ مەكتۇبىڭنىڭ كې- لىشىگە چەكسىز ئىنتىلىپ ، بىئارام ۋە بىدار تۇردۇم . مانا بىر پارچە خېتىڭنىڭ لىپاپىسى سالامەت قولۇمغا تەگدى ، ئەمدى خەۋىرىنى بېرىمەن .]

فەلەمما نەزەرتو ئىلەيھى لەھەنەلەقھلەقي بىئىنشادىي .
ۋەقەدبۇلىلتو مىنھو بىكوھلىل جەۋاھىرى ۋەئەبەئىلەييە رو-
قادى .

[ مەكتۇبىڭغا نەزەر سېلىشىم بىلەن ئۇ ، مېنىڭ تىلىمنى شېئىر كۈيلىمەك ئۈچۈن سايراتتى .خېتىڭنى كۆزۈمگە" جاۋاھىر سۈرمىسى" ئورنىدا سۈرتتۇم ۋە مېنىڭ قاچقان ئۇيقۇلىرىممۇ جايىغا قايتىپ كەلدى .]

ئەتانا تۇرپەتەن سەللەت فوئادي
ۋەنارەت مىن سەفادە تىھاد دوئادي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر خەت كېلىش بىلەنلا يۈرىكىمگە تەسەللى بەردى ، ئۇنىڭ تىزىقلىرى نۇرىدىن غەم-قايغۇنىڭ قاراڭغۇلىرى يورۇپ كەتتى .]

ئەلائەييۇهال ئەدىيبۇل ۋەجىهۇ ۋەجىجىه
لىمەزرەئي ئامالي ئەلەدداۋامى ۋەتتەمادىي

[ئەي ئىناۋەتلىك ئەدىپ ، ئالىم ! ئارزۇلىرىمنىڭ تېرىلغۇ-لىرىنى هوسۇلغا يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ، ئەبەدى يۈز كەلتۈرۈپ تىرىشقايسەن .]

ۋەسانە كەللاهۇل كەرىيمۇ
ئەن شەررىل هوسادى ۋەل ئەئادىي

[سېنى كەرەملىك ئاللا هاسىدلار ، دۈشمەنلەرنىڭ يامانلى-قىدىن ساقلىغاي .]

كەتەبەهو ئەدۋەنوس سادەتىس سەييىدۇ
ئەۋلادى هوسەيىن خانۇتتە جەللىيۇلمۇ دىھ-
لەۋىيول جەۋادىي

[بۇ مەكتۇبنى سەيىدلارنىڭ كەمتەررەكى " سەيىد ئەۋلادى هۇسىيىن خان" يازدى .بۇ كىشىنىڭ تەخەللۇسى" تەجەللى- مۇ-

جەللى“ ،ئىلىم ئوقۇشى دېھلىغا مەنسۇپ ،نەسەبى بولسا ئۇلۇغ
سېخىي ئاتا-بوۋىلارغا مەنسۇپتۇر .]

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە :

## ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنىڭ تەجەللى ھەققىدە يازغان مەدھىيىلىرىدىن نەمۇنە

ئەخلاكى ئۇلۇم دەھ ئەۋل تەجەللى ،
مىزمارى شەرەفدە ئەۋل مۇجەللى .

[ئىلىم-مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ يالتىراق نۇرى ، شەرەپ مەيدانىنىڭ بىرىنچىلىكىنى ئالغۇچى قەھرىمانى .]

ئۇل بىرمىگۇ ئۇچيۈزە مۇجەددىد ،
ئەۋل چەرخ مەئالىيە موھەددىد .

[ئۇ بولسا ھىجرىيىنىڭ 1300-يىللىرىدا ياشىغان . ئىسلام دىنىنى (ئىسلام ئىلىملىرىنى) يېڭىلىغۇچى ئۇلۇغ ئالىم ، ئالىي مەرتىۋىلەرنىڭ ئاسمانلىرىنى ئىھاتە قىلغۇچى ئەڭ قەدىرلىك زاتتۇر .]

ئەۋل خاۋەرى ئىلمە مېھرى رەخشان ،

بۇرج ئەمەلەھو مەھى دۇرەخشان .

[ئۇ بولسا ئىلىم-مەرىپەت ئاسمىنىنىڭ يالتىرىغۇچى قۇيا-شى ، ئەمەلىيەت كانارىسىنىڭ نۇرلۇق ئايى .]

ئەغەررولقودا بەدرۇددۇجا كەۋكەبول ھۇدا ،
غىتەمۇننەدا جەممول جەداۋەلمە ئاسرى .

[ۋە يەنە پىشىۋالارنىڭ نۇرلۇقراقى ، زالالەت قاراڭغۇسى-نىڭ تولۇن ئايى ، ھىدايەتنىڭ يۇلتۇزى ، ئېھسانىنىڭ چوڭ دەريا-سى ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزىشى ، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئىنتايىن كۆپ .]

سەلىلۇ رەسۇلىللاھى خاتەمۇ رۇسلىھى ،
لىئىئىللائى ئەئىلامىل ھۇدا خەيرۇ ناسرى .

[ئۇ ، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەۋرىسى ئىدى ، ئۇ پەيغەم-بەر ئەلەيھىسسالام ، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنجىسى ئىدى . ھىدا-يەت بايراقلىرىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياردەم بەرگۈچى ئىدى .]

ۋەلا ئەيبەئىن يۇنكىرھو بەئزۇ ئەكالىبىل ،
مەزابىھى ئەن نابىل ئىنادل كەۋاشىرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[گوداڭدا قان ئىچىشكە كۆنۈپ قالغان ئىتقا ئوخشاش بەزى دۈشمەنلەر شائىرغا قارشىلىق بىلەن مەگەنلىرىنى ھەڭگايتىشىپ ئىنكار قىلسا ھېچ زىيىنى يوق.]

فەھەل يەئرىفول خەففاشۇ قەدرە غەزالەتىن ،
ۋەھەل يەئرىفول كەنناسۇ قەدرەل جەۋاھىرى .

[شەپەرەڭ قۇياشنىڭ قەدرىنى بىلمەي ئاڭا تورىدۇ . ھېمە-شە سېسىق نىجاسەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشى گۆھەرنىڭ قەد-رىنى بىلمەيدۇ.]

ئەفوۋىن ئەنىلجانىز زەيفى تەكەررومەن ،
فەئەكرىم بىھى مىن ساھىبىل ئەفۋى قادىرى .

[ئۇ ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئاجىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ ، كەڭچىلىك بىلەن كەچۈرگۈچىدۇر.]

ئىزاھا ئەتا ۋەقتۇل ھەسادىر لەقىيتە ھوم ،
ئەلائۇممى جەھشىن ھەۋلەكۇللى بەيادىرى .

[ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغۇچى مۇتەئەسسىپلەر — شۇنداق رەزىل ئەبلەخلەركى ، ئورما ۋاقتى يېتىپ كەلسە ، ھەر بىرى بىردىن مادا ئېشەككە مىنىشىپ ، خامانۇخامان چۆرگىلەپ تى-لەمچىلىك بىلەن جان بېقىشىدۇ.]

## تەجەللىنىڭ ئابدۇكېرىم زىيائىغا يازغان شېئىرلىرى

لەلقەلبو ئەئلەمەھۇل قەلبەللەزى كانا،
ۋەلھەۋلەقاتو ئەرا رەجلا ۋە روكبانا.

[بۈگۈن يۈرىكىمنى مۇندىن ئىلگىرىكى يۈرىكىم دەپ ھېس قىلمايمەن. قايغۇ-ئەلەمنىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ماڭا ھۇجۇم قىلغاندەك كۆرىمەن.]

نەئەز زەمانو ئىلەيناۋ ھوزۇۋ بەرەمىن،
ئەخەن ھەمىيدەن كەرىمەن نەفھى مىھسانا.

[زامان بىزگە بىر مۇسىبەت شۇم خەۋىرىنى ئېلىپ كەل-دى. ئۇ بولسا، ماختاشقا ئەرزىيدىغان، ۋۇجۇدى ئۇلۇغ، ھەم-مىگە ئېھسانلىق بۇرادىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدۇر.]

فەسابەمىن فەرتى ھوزنى ئەبرەتى لۇجەجەن،
ۋەلبەسىسو يەقدەھو بىلئەھشائى نىيرانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[قايغۇنىڭ زىيادىلىكىدىن كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى . كۆڭلۈمنىڭ چېچىلىشى قەلبىمگە ئوتلار ياقماقتا .]

ۋەقولتو ئەندۇبۇھۇ ۋەننەفسۇ ھاتىفەتۇن ،
ۋەلەم ئۇتىق لىلئەسەل ھەتتا نى كىتمانا .

[مەن ئاڭا يىغلىغان ، جېنىممۇ ھازىردىن ئاۋاز چىقارغان ۋە ئىبقىپ كېلىۋاتقان قايغۇنى يوشۇرۇشقا قۇدرەت تاپالمىغان ھالدا ، ئۇزلۇكسىز شۇنداق خىتاب قىلدىم .]

ئەبدەلكەرىيمى لەقەد ئەسبەھتەفى رەۋھىن ،
مىن رەھمەتىن سەكەبەت دەۋھەن ۋە رەيھانا .

[ئەي ئابدۇكېرىم ! جەزمەن سەن تەڭرى رەھمىتى ئىچىدە بولدۇڭ ، ئۇ رەھمەت ساڭا شادلىق ۋە خۇشپۇراقلىقنى تۆكۈپ تۇرماقتا .]

قەد كونتە ئەجمەلە فىتيانىن ۋە ئەئجە بەھۇم ،
زەييەۋ ۋەدىنەن ۋە تەرقىيمەن ۋە تىبيانا .

[يۇرۇش-تۇرۇشتا ، دىيانەتتە ، يازغۇچىلىقتا ۋە پاساھەتلىك سۆزلەشتە سەن يىگىتلەرنىڭ ئالدى ۋەچىرايلىقراقى ئىدىڭ .]

ۋەكۇنتەمىن ئەدەبىن جەزلىن ۋە تەبسىرەتىن ،

لىئەئىيو نىل فەزلى ۋەل ئەھبابى ئىنسانا .

[سەن ئەدىبلىكتە ، ئىلىمدە ئۆتكۈر ۋە ئەقىللىق بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ، بۇرادەرلەر كۆزلىرىنىڭقارچۇقىئىدىڭ .]

ۋەلىيەۋمە فارەقتەنا سەبقەن ۋە ئەمقولۇنا ،
يۇنزىلىنە ئىسرىكە يەئلولەن ۋە مەرجانا .

[بۈگۈن بىزدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولدۇڭ . كۆزلىرىمىز سەن ئۈچۈن مەرۋايىت ۋە مارجان دانىلىرىدەك ياش ۋە قانلارنى تۆكمەكتە .]

ۋە ئەسبەھەت ئەنجۇمۇل ئادابى سائىھەتەن ،
كەسەخرەتىن فى دۇچەل ھومومى ئۇميانا .

[ئىلىم يۇلتۇزلىرى پاتتى . بۇ يۇلتۇزلار غەم قايغۇلارنىڭ قاراڭغۇ تۈنىدە قورامتاشقا ئوخشاش كور زۇلمەتكەئايلاندى .]

لازىلتە فى مەبسەتىل جەنناتى مۇنبەستەن ،
بىكەۋ سەرىن مىن نەئىمىللاھى رەييانا .

[ھەمىشە كەڭرى جەننەتلەردە ئاللانىڭ نىمەت ۋە شىرىن شەرۋەتلىرى بىلەن سىراپ ، يايراپ ياشىغايسەن .]

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



لەقەد رەساھول مۇجەللى ھائىرەن ئاسىفەن ،
بىزىل قەسىدەتى مەۋۋارەن ۋەھەننانا .

[تەجەللى-مۇجەللى بۇ قىرىنندىشىغا مۇشۇ ئالىي قەسىدىسى بىلەن ھەيرەتتە قالغان ، قايغۇرغان ۋە يىغلىغان ھالدا تەزىيە-مەرسىيە يازدى .]

## تەجەللىنىڭ مۇتسۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى

يارەۋزەتەلھوسنى ۋەلھوسنا ۋە يائەلەمەل۔
هۇدا ۋەنىنسارە ھەققىن ئەييە مىن سارى .

[ئەي گۆزەل چىراي ۋە گۆزەل ئەخلاقنىڭ بېغى، ئەي ھىدايەتنىڭ بايرىقى ۋە ئەي ھەقىقەتكە كامىليارد ەمبەرگۈچى .]

نەسەر تەنىي ھىيە ، لاخىللون يۇسا ئىدونىي
ۋەلا ھۇزامىي ۋەلا سەكبىي بى ئىھزارى .

[ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىر دوست يوق ، دۈشمەنلىرىمدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قورالىم ۋە ئېتىمۇ يوق چاغدا ماڭا ياردەم بەردىڭ .]

ئەلا شەياتىينى ئىنسىن جۆھھەلىن ھوسۇد
ئۇمىين مەناكىيدە كەييادىينە ئەشرارى .

[ئىنسان ئىچىدىن چىققان جاھىل ، چىدىماس ، دىلى كور

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇم نەپەس ، ھىيلىگەر ، يامان ، شەيتانلارغا زەربە بېرىش ئۇ-
چۇن ياردەم بەردىڭ .]

لەھاھۇمۇللاھو مائەغبا ۋەئەجبەلەھۇم
مائىن يۇئەييىرۇھۇم تەشبىيھۇ ئەئيارى .

[ئاللاتائالا ئۇلارغا لەنەت ئوقۇسۇن ! ئۇلار ئەجەپمۇ گال-
ۋاڭ ، ئەجەپمۇ جاھىل ، ئۇلارنى ئېشەككە ئوخشىتىش- ئۇلار
ئۇچۇن ئانچە نومۇس ئەمەس .]

قەۋمۇن تۇقالۇ ئەلەلفەبرائى قەد ھەمەلەت
زوھورۇھۇم دەبەرەن مىن ھەملى ئەسفارى .

[ئۇلارنىڭ يەرگە يۇك بولۇشتىن باشقا پايدىسى يوق ، ئۇلا-
رنىڭ ئۇچىلىرى كىتاب تومىلىرىنى كۆتىرىش بىلەن يېغىر بولۇپ
كەتكەن .]

ئىزقامە زالىكە فىرئەۋنەن يۇھىيجوھۇم
ئەلا ئىنادىي ۋە تەشنىيئىي ۋە ئىنكارى .

[ئۇلارنىڭ باشلىقى پىرئەۋن سۈپەت بولغان ھالدا ئورنىدىن
تۇرۇپ ، ئۇلارنى ماڭا قارشى تۇرۇشقا ۋە مېنى تىللاشقا ، ئىنكار
قىلىشقا قوزغىدى .]

فەكانە كۆللۈ جەھۆلىن مىن جەھالەتىھى
ئەباجۇ فالىن بىئەنيابىن ۋە ئەزفارى .

[شۇنىڭ بىلەن ھەربىر جاھىل ئەبلەخلەر- ئۆزىنىڭ جا-
ھىللىقىدىن ، مەگەن ۋە تىرناقلىرى بىلەن تۆگەقۇشى بولۇپ
ماڭا ئېتىلدى .]

ۋە رۇئيەتىي ئەۋ قەئەتھۇم فىز زەجىيجى كەما
يەستەنبىھوبنە بەقىيئىن مەنزەروسسارى .

[مېنىڭ تەلەتىمنى كۆرمەك ، بۇ جاھىللارنى بىئاراملىقتا
سالدى ، خۇددى-مۇساپىر مېھمانىنىڭ تەلەتى ئىتنى قاۋاتقاند-
دەك .]

فەقەد ئەزەتنىي ئىلا سۇئىن جەھالەتۇھۇم
ۋەللاھۇ يەئلەمۇ ئىسىراري ۋە ئەسراري .

[ئۇلارنىڭ جاھالىتى مېنى ئۇلارغا يامان قىلىپ كۆرسەت-
تى . ئاللا مېنىڭ مەخپىي ئىشلىرىمنى بىلىدۇ . يەنى مەن ئەيىب-
تىن پاك .]

ھەتتا ۋەكىلتو ۋەكەللەت شەممە بارىقەتىي
ۋەددەمئو بىننەھبى خەرخارۇن بىجەرجارى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ ھەتتاكى مەن ئاجىز كەلدىم ، بۇ جايدا قىلىچىممۇ گوتمەس بولۇپ قالدى ، ئۇنلۇك يىغلاش بىلەن ياشلىرىم سۇ ئاققاندەك ئاقتى .]

لاغەرۇ فەددۇررۇ سەخخوسسەخرى يەھسۇمۇھۇ
ۋەلھەيزە بۇسسەلبۇ رەززاھۇ لىدەخدارى .

[ بۇنىڭدا ھېچ ئەجەپلىنىش يوق ، گۆھەرنى قورام تاش ئېزىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ تۆمۈر ئالتۇننى سۇندۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟]

فەسىھتوھەل مىن كەرىيمىن مۇنجىدىن نەجدىن
فەئەنتە كۇنتە ئىلەر راھمانى ئەنسارىي .

[ شۇ ھالدا مەن "ماڭا ياخشىلىق قىلىپ ياردەم قىلىدىغان بۇرادەر بارمۇ؟" دەپ پەرياد قىلدىم . سەن دەرھال ئالىلانىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ ماڭا نۇسرەت بەردىڭ .]

ئەقەمتە بىتتە ئىنەتىن نەجلائى مائىلەھۇم ،
ھەتتا ئىزا مالەئەن تەئىنىي ۋە ئىزرارىي .

[ ئۆتكۈر نەيزەڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قىڭغىرنى تۈزلىدىڭ . شۇ ھالدا ئۇلار ماڭا تەنە ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتىن توختىدى .]

فەئەسبەھۇفى دۇجاخىز يىن بىزەۋ بەرىھىم
فەلىيەۋمە يەۋمىي ئەلەيھىم يەۋمۇزىقارى .

[ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەسۋالىق زۇلمىتى ئىچىدە مەغلۇپ بولدى . مېنىڭ كۈنۈم ئۇلارنىڭ ئۈستىدە زەپەر كۈنى بولدى .]

لەۋلا ھىماكە ئەنىن نەكبائى يەئىسمونتىي
لەئەغرەقەت قارى فىيفىي لۇججى ئەختارى .

[ئەگەر سېنىڭ ھىمايەڭ مېنى بۇ قاتتىق بوراندىن ساقلى- مىغان بولسا ، مېنىڭ بارلىقىم خەتەر دېڭىزىنىڭ قاينىمىدا غەرق بولغان بولاتتى .]

لەئەشكۇرەننەكە ئۇلەلئومرى موئتەمىرەن
ۋەلىيەشكۇرەننەكە ئەزمىي بەئىدە ئىقبارىي .

[ئەلۋەتتە ، ساڭا ئۆمرۈم بويى تەشەككۇر ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ، مەن قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن بولسا ، ئۇستى- خانلىرىممۇ ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرسۇن .]

ۋەلەم ئەدۇن قەبلو فىي بەدۋىن ۋەلا ھەزەرىن
ئىللا ۋەمەدھۇك تەزكارىي ۋە تەكرارىي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[مەن يېزىدا ياكى شەھەردە بولماي، سېنىڭ مەدھىيەڭ مېنىڭ داۋاملىق ئەسلەيدىغان ۋە تەكرارلايدىغان ئىرسەم بولۇپ كەلمەكتە.]

ئەجەل فەئىنىنىل مۇجەللى فىي ھەۋاكەۋەمىن
ئەقرانى زەھرىكە فىي سىررى ۋە ئىزھارى.

[ئارى شۇنداق. چۈنكى، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭدە بىرىن-چىمەن. مەخپىي ھەم ئاشكارا ئەھۋاللارىنىڭ ھەممىسىدە ساڭا يار بولىدىغان ھەمتەڭ بۇرادىرىڭمەن.]

ئەقەررەكەللاھۇ فىي دارىل ئۇلائى ھۇدەن
ۋەدارە زىكرۇكە فىيددۇنياكە ئەشئارى.

[ئاللا سېنى كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىغانلىقىڭ بىلەن ئالىي مەرتىۋىلىك قىلسۇن، سېنىڭ ياخشى نامىڭ دۇنيادا مې-نىڭ شېئىرلىرىمغا ئوخشاش دەۋر قىلسۇن.]

ماقەررەتىل ئەرزو مەھدەن لىل خەلىيقەتى ۋەل-
ئەفلاكۇ جائەت بىئەدۋارىن فەئەدۋارى.

[يەر مەخلۇقلارنىڭ ماكانى بولۇپ تۇرغان ۋە پەلەكلەر دەۋرلەردىن دەۋرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇرغان مۇددەتنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بولسۇن.]

* * *

ئەلا ئىنىنە لەزراتىد دۇنيا لەزاۋائىلۇ
ۋە ئىن جالە دەھرەن بىلمەسەرراتى جائىلۇ .

[ئاگاھ بولۇڭكى ، دۇنيانىڭ خۇشلۇقلىرى كىشىگە ئەبەدى ئەسقاتمايدۇ ، بەلكى يوقىلىپ تۇرىدۇ . بىر كىشى ئۇزۇن مۇد-دەت خۇشلۇق ئىچىدە ياشىسىمۇ ، ھامان بىر كۈنى يوقىلىش باردۇر .]

قۇسارى سەھابىل ئەيشى سائىقەتۇررەدا
ۋە غايەتۇ جەدۋاھۇددۇمۇ ئۇسسەۋائىلۇ .

[ھاياتلىق بۇلۇتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى- ئۆلۈمنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئايىدۇر ۋە بۇ بۇلۇتنىڭ ئاقىۋەتتىكى يامغۇرى- كۆزلەردىن ياش ئاققۇزماقتۇر .]

فەلەۋ ئاشە مەرئۇن ئومرە شىيىسىن ۋە ئادەمىن
ۋە نۇھىن ۋە لوقمانىن فەمەل خۇلدۇ ھاسىلۇ .

[ئەگەر بىر كىشى شىيس ئەلەيھىسسالامدەك ، ئادەم ئەلەي-ھىسسالامدەك ، نوھ ، لوقمان ئەلەيھىسسالاملاردەك مىڭ يىل ياشىسىمۇ ، ئەبەدى ياشىشى مۇمكىن ئەمەس .]

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



سەتەفنىڭ قورۇنۇل ئاخىروتە بىئەسرىھىم
كەماقەد تەفانى ھائولائىل ئاۋائىلو .

[ئىلگىرىكى ئەسىرلەرنىڭ كىشىلىرى پانى بولۇپ يوقالغان-
دەك ، كېيىنكى ئەسىرلەرنىڭ كىشىلىرىمۇ پانى بولۇپ يوقىلى-
دۇ .]

ئەبادە قورونەن قەبلىنا ۋە مۇلوكەھوم
فەئەينە مەبانىيھىم ۋە ئەينەل جاھافىلو .

[بىزلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ۋە پادى-
شاھلارنى ئۆلۈم ھالاك قىلغاندۇر ، قېنى ئۇلارنىڭ ئىمارەتلى-
رى ؟ قېنى ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەم لەشكەرلىرى ؟]

ۋەئەينە ئۇلۇل ئىلمىل لەزىنە تەبەھھەرو
ۋە ئەينەل ئەتىببا ئوشىشھامول ئەفازىلو .

[ئىلىمدە دەريا مەسەللىك بولغان ئالىملار قېنى ؟ پەزىلەت-
لىك ، نامدار ھەكىم-تېۋىبلار قېنى ؟]

رەقەۋ فىي مەراقىل ئىززى ۋەلمەجدى ۋەلئولا
ۋەئەززەھۇمول مەۋتول لەزى ھوۋە نازىلو .

[ئۇلار بولسا- ئىززەت-ئۇلۇغلۇق ۋە ئالىي مەرتىۋىلەردە يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەنلەر ئىدى . لېكىن ، كېلىشى مۇئەييەن بولغان ئۆلۈم غالىپ كېلىپ ، ئۇلارنى دۇنيادىن ئېلىپ كەت- تى .]

تەمائىمۇھۇم زائەت ۋەتەرياقۇھۇم لەغا
ۋەئەرائوھۇم كەللەت مەئەن ۋەل مەقاۋىلۇ .

[ئۆلۈمنىڭ كېلىشى مۇئەييەنلەشكەندە ، تۇمارلارمۇ بىكار- چە بولدى . ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغان تەرياق ناملىق ئالىي دورىلى- رىمۇ كارغا كەلمىدى . ئەقىللەر ، پىكىرلەر ، گەپدان تىللارمۇ ئاجىز كەلدى .]

لەقەد ئەزئەجەت : ھىلمەزرىجالى بەلا بىلۇن
كەما ئەزئەجەت شۇممەل جىبالى زەلازىلۇ .

[بۈگۈن ئەرلەرنىڭ سەۋر-تاقىتىنى ئېغىر قايغۇ تەۋرىتى- ۋەتتى — ئالىي تاغلارنىيەرتەۋرەش مىدىرلىتىۋاتقاندەك .]

قۇلۇبەن فەرەت فەريەل ئەدىيمى مۇسىيبەتۇن
ۋە ئەدمەت كەماتۇد بىل جۇسۇمەل مەناسىلۇ .

[بۈگۈن بىر كاتتا مۇسىبەتيۈرەكلەرنى پارە قىلدى— خىرومنى تىغ پارىلىغاندەك . ئۇ مۇسىبەت يۈرەكلەرنى قانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاراھەت قىلدى— بەدەنلەرنى قىلىچ جاراھەت قىلغاندەك .]

ۋەيەممەمەتىل ئەھزانو ئەفىئىدەتەن كەما
تەتىللو ئەلا سىرىبىل ھەمامى ئەجادىلو .

[غەم-قايغۇلار يۈرەكلەرگە ئېتىلىپ ھۇجۇم قىلدى—
كەپتەرلەرنىڭ توپىغا قارچۇغا ھۇجۇم قىلغاندەك .]

ئەلەم تەرە ئەننەددەھرە ئەسبەھە مۇزلىمەن
لىفەقدى سىراجىن ئەزھەرەتھول فەزائىلو .

[قارىماسەن ! بۇگۈن زامان قاراڭغۇلۇقتا ئايلاندى—
ئىلىم-مەرىپەت نۇرى بىلەن يورىغان بىر ئۇلۇغ چىراغ يوقالغان-
لىقى ئۈچۈن .]

سىراجۇن بىنۇرىللاھى كەششەمسى ۋاقىدۇن
فىدا ھۇددورارى ۋەل بۇدۇرۇلكە ۋامىلۇ .

[بۇ چىراغ بولسا قۇياشقا ئوخشاش ئاللانىڭ نۇرى بىلەن
يورۇغان بىر ئالىي چىراغدۇركى ، ئۇنىڭغا نۇرلۇق يۇلتۇزلار
ۋە تولۇن ئايمۇ پىدا بولغۇچىدۇر .]

قەزا ۋە مەزا سەيفۇششەرىئەتى ئەرشەدول
قۇزاتى مۇتىئۇللاھى ۋەننەجمۇ ئافىلو .

[بۈگۈن دۇنيادىن ئۆتتى— دىن شەرىئەتنىڭ قىلىچى، بار-لىق قازىلارنىڭ توغرىراقى- مۇتىئۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم- سەھەر ۋاقتى يولتوزلار ئولتۇرغان پەيتتە.]

لەقەرماله روكنول فەزلى ۋەنقەززه بەغتەتەن
فەۋا ئەسافه ئىننەل مەنايا غەۋائىلۇ.

[بۇ زاتنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئىلىم-پەزىلەتنىڭ تۈۋرۈكى سىنى-يان بولدى، بەلكى ئۈشتۈمتۇت يىقىلدى. قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت-لىنىمىزكى، ئۆلۈم ئۈشتۈمتۇت ھالاك قىلغۇچىدۇر.]

غەۋادي فۇيۇزىل ئىلمى مۇزغابه زىللۇھۇ
قەدئىنته جەمەت ۋەسسادىياتول ھەۋاتىلۇ.

[بۇ زاتنىڭ سايىسى دۇنيادىن غايىب بولغاندىن باشلاپ، ئەته ۋە ئاخشامدا ئىلىم-مەرىپەت يامغۇرلىرىنى تۆكىدىغان بۇلۇت-لارمۇ تارقاپ كەتتى.]

فەلىللاھى ھىبرۇن تاھىروسسەۋبى قودۋەتۇن
تەلىيقول موھەييا ئەممەمەتھۇل جەلائىلۇ.

[ئەخلاق كىيىمى پاك، ھەممە خەلققە پىشىۋا بولغان ئوچۇق چىراي، ئۇلۇغ پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە سەللە ۋە تاج قىلغان ئالىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاللادىن رەھمەت تىلەيمىز .]

ھۇمامۇن كەمالۇل ئىلمى كەنە لىباسەھۇ ،
ۋەقەد تەررەزەتھو بىلجەمالىش شەمائىلۇ .

[ئۇ ، ئىلىمنىڭ كامالىتى ئۇنىڭغا كىيىم بولغان ۋە بۇ كىيىمنى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرى تېخىمۇ زىننەتلىگەن ، ھەممە كىشى ئۇنىڭ زىيارىتىنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئۇلۇغ ئالىم ئىدى .]

لەقەد ئەييەت ئەقلامۇنا بىفاتىھى
كەما ئەجەزەت ئەن ئەقدىھىننەل ئەنامىلۇ .

[ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى تولۇق يېزىشقا قەلەملىرىمىز ، ھېسابلاپ چىقىشقا بارماقلىرىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ .]

ئەلا ئىننە جوللەل ئىلمى ۋەلئەدلى ۋەتتۇقا
مەئەن مەئەھو مۇنزوستەررا ھوۋەراھىلۇ .

[ئاگاھ بولۇڭكى ، ئىلىم ، ئادالەت ، تەقۋا دېگەن پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ قىسمى بۇ زات دۇنيادىن كېتىشى بىلەن بىرگە كەتتى .]

لەقەد جەللە ھازەرروز ئوئىننده ئۇلىل ھەجا

يەجىللو ئەلەيھىل ئەجرو ۋەللاھو كافىلو .

[بۇ مۇسىبەت بارلىق ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن بەكمۇ چوڭ مۇسىبەتتۇر . بۇ مۇسىبەتكە قارىتا جانابى ئاللانىڭ بېرىدىغان ئەجرىمۇ كاتتا بولغاي ، بۇنىڭغا ئاللا كېپىلدۇر .]

ۋەمائەن قەزا ئىللاھى لىلخەلقى مەھرەبۇن
ئىزاجائە بەل كۇللۇن ئىلەللاھى ئائىلۇ .

[ئاللا بۇيرۇغان ئۆلۈمدىن ھېچبىر مەخلۇقنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ، بەلكى ھەممە كىشى ئۆلۈپ ئاللاتائالا دەرگاھىغا قايتىدۇ .]

كەفا شەرەفەن فىي لەيلەتىل قەدرى مەۋتوھۇ
فەئەكرەم بىمەۋتىن لىلھاياتى يۇئادىلۇ .

[بۇ زاتنىڭ ئۆلۈمى رامىزان ئېيىدا ھەم "شەبى قەدرى" كېچىسىدە بولغان . ئۇ ، ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن كۇپايىدۇر . مۇنداق شەرەپلىك ئۆلۈم- ھاياتقا تەڭ كېلىدىغان ئۆلۈمدۇر .]

ئەلەيھىسالامۇللاھى ماناسەمەت سەبەن
ۋەرىزانوھۇ ۋەلمەكرۇماتول فەۋازىلۇ .

[دۇنيادا باھار شامىلى خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان پەيتلەر-

نىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ روھىغا ئاللانىڭ سالامى، رازىلىقى، نېمەت، رەھمەتلىرى يېتىپ تۇرسۇن!]

ۋەيۇرجا مىنەللاھىل كەرمى لىمىسلىھى
نەئىمۇن ۋەفى جەنناتى ئەدنىن مەنازىلۇ.

[كەرەملىك ئاللادىن مۇنداق ئۇلۇغ زاتلارغا چوڭ نېمەت ۋە جەننەتتە ئالىي مەنزىللەر بېرىشىنى ئۇمىد قىلىمىز.]

ۋەئىن تەبيخ تەئرىخەن لىئامى ۋەفاتىھى
فەيا ھەببەزا بەيتۇن ئەلا زاكە شامىلۇ.

[ئەگەر سىز بۇ زاتنىڭ ۋاپات تارىخىنى بىلىشنى خالىسەڭىز، تۆۋەندىكى بىر بېيت بۇ تارىخنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭدىن تاپقايسىز.]

سەقا تۇربەھۇ مىنرەئىپەتىللاھى مۇزنۇھا
ۋەئەدرەكەھو مىنلوتفى زىتتەۋلى نائىلۇ.

[بۇ زاتنىڭ تۇپرىقىنى ئاللانىڭ مېھرىبانلىق بۇلۇتى داۋاملىق سۇغۇرۇپ تۇرسۇن ۋە ئۇنىڭ روھىغا داۋاملىق ئېھسانلىق ئاللانىڭ نېمەتلىرى يېتىپ تۇرسۇن.]

ۋەكۇللۇن مىنەششەترەينى تىلىسمو ئىرخەتىن

ۋە سىھرول مۇجەللى قەسسەرەت ئەنھو بابىلۇ.

[يۇقىرىدىكى بېيىتنىڭ ھەربىر مىسراسى— تارىخنىڭ سىرلىق تىلسىماتىدۇر . تەجەللىنىڭ سېھىر مەسەللىك ھۈنەرلىرىگە ئوخشاش ھۈنەرلەرنى كەلتۈرۈشتىن- بابىل ناملىق جايىنىڭ سېھىرگەرلىرىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ.]

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپ
www.uyghurkitap.com



بەشەرۇن ئەرا مۇرروھە ئىللائىننىھۇ ،
جەبەلۇن ۋەلاكىن بەھرو فەزلىن زاخىرى .

[ئۇنىڭ سۈرىتى ئىنسان بولغىنى بىلەن ، ئۇ ، نازۇكلۇقتا روھقا ، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا ، ئىلمىنىڭ مول-لىقىدا دېڭىزغا ئوخشايدۇ .]

ئەلىئىلمۇ ۋەتتەقۋا ھەلىفانە فىسسىھى ،
لىللاھى زۇھەلىن ۋە سەۋبىن فاخىرى .

[ئىلىم بىلەن تەقۋالىق- ئۇنىڭ ئايرىلماس دوستى . ئۇنىڭ بۇ ئىككى زىننەتلىك كىيىمنى كىيىشى- ئاللانىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا . . .]

مىن ئەجلى زاكەل بەھرى شەۋقىيە مائىجۇن ،
ۋەلئەينۇ ئەبرا كەسسە ھابىل ھامىرى .

[ئىلمىنىڭ دەرياسى بولغان مۇشۇ ئاغىنەمگە ئىشتىياقىم داۋاملىق ئۇركەشلەپ تۇرماقتا . ئۇنىڭ جۇدالىقىدىن كۆزۈم يام-غۇرلۇق بۇلۇتقا ئوخشاش ياش تۆكمەكتە .]

# تەجەللىنىڭ مەھمۇدئاخۇن داموللامغا يازغان شېئىرلىرى

خۇش نەپەس، ئەقلى چىراغدەك نۇرلۇق قېرىنىدىشىم داموللا مەھمۇد شۇئائىگە ئەۋەتىلگەن قىتئە:

تەھىيياتۇن كەرائىمو خالىساتون،
ئەھەببۇ مىنەررەھىيقى ئىلەتتىبائى.

[خالىس يۈرەكتىن چىقىرىلغان ئېسىل مەدھىيە،سالاملار، تەبىئەتلەرگە لەززەتلىك شارابتىنمۇ يېقىملىقراقتۇر.]

ۋەئەشىھامىن ئەساجىغىل قۇمارى،
رەننائىل مەشانى قىسەمائى.

[ئۇنداق مەدھىيە، سالاملار قۇلاققا-خۇش ئاۋاز دەمدەرلەرنىڭ سايراشلىرى ۋە دۇتار-تەمبۇرلارنىڭ خۇش سادالىرىدىن يېقىملىقتۇر.]

ۋە ئەبھەجۇ مىن زۇھۇرىن زاھىراتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە ئەبەدىي مەن ئىبارىتىررىقائى .

[چىرايلىق ئېچىلغان چېچەكلەردىنمۇ چىرايلىق ، مەھبۇب-
تىن كەلگەن خەتلەرنىڭ ئىبارىلىرىدىنمۇ يېقىملىقتۇر .]

مىنەل مۇتەشەۋۋىقىد دائىل مۇجەللى ،
ئىلا ھىببىن لىئەھدىل ھوببى رائى .

[مۇھەببەت ۋەدىسىگە تولۇق ۋاپا قىلغۇچى دوستۇمغا- ئىش-
تىياقلىق دۇئا قىلغۇچى مەن تەجەللى-مۇجەللىدىن شۇنداق يې-
قىملىق گۈزەل سالام يەتسۇن !]

بەھىيجىل ۋەجھى مەھمۇد سىسەجايا ،
زەكىيىت تەبئى يۇدئا بىشىشۇئائى .

[ئۇ بولسا— گۈزەل يۈزلۈك ، ئەخلاقلىرى ماختاشقا ئەر-
زىيدىغان ، ئەقلى ئۆتكۈر ، شۇئائى دېگەن تەخەللۇسلۇق بۇرادى-
رىمدۇر .]

فەتەن تەلەبەل ئولۇمە بىكوللى سەئىيىن ،
نانالەل فەزلە مەھمۇدەل مەسائى .

[ئۇ ، ئۆتكۈر سەھى— ئىجتىھات ، "تولۇق تىرىشچانلىق
بىلەن" ئىلىم تەلەپ قىلىپ ، قىلغان سەھىلىرى ماختالغان

ھالدا، ئالىي پەزىلەتلەرگە ئېرىشكەندۇر.]

لەقەد ئەسەرەت مەھەببەتۇھۇ فۇئادىي ،
فەئەجەرەت فىي مەھاسىنىھى يەرائى .

[ئۇنىڭ مۇھەببىتى يۈرىكىمنى ئەسىر قىلىپ باغلىۋالغان-
دۇر . شۇ مۇھەببەت— قەلىمىمنى ئۇنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى
يېزىشقا ھەرىكەتلەندۈرگەندۇر.]

ھەبا ھۇللاھۇ مەكرۇمەتەن ۋە ئەيشەن ،
رەغىدەن مادە ئاررەھمانە دائى .

[راخمان تائالادىن تىلەك قىلغۇچىلار تىلەك قىلىپ تۇرغان
ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ، ئاللاتائالادىن ئۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق ۋە
پاراۋان تۇرمۇش تىلەيمەن.]

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com



# تەجەللىنىڭ ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇمغا يازغان شېئىرلىرى

ھەزرەتى قازىل قۇزاتى مۇھتەرەم ئەبدىررەشىد ،
ئانىكى ئەز رۇشدەش ئەساسى مەئىدىلەت بەر پاستى .

[قازىلارنىڭ ياخشىراقى ، مۇھتىرەم ئابدۇرىشىت شۇنداق زاتتۇركى ، ئۇنىڭ توغرا ئىش ئېلىپ بېرىش سەۋەبىدىن ئادالەتنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلغاندۇر .]

رايى ئۇ ھەق بۆۋەد چۇن جورمى خورشىدۇ زىيا ،
ھۆكمى ئۇ بائەدلى ھەمچۇن ۋامىقۇ ئەزراستى .

[ئۇنىڭ پىكرى— قۇياشنىڭ جىسمىغا ئوخشاش . ئۇ ھەقىقەتەن قۇياشنىڭ نۇرىدۇر . ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى بىلەن ئادالەتنىڭ نىسبىتى "ۋامۇق بىلەن ھوزرا" ئاتلىق ئاشىق-مەشۇققە ئوخشاشتۇر .]

چەشمە سارى مەكرۇماتى ۋەرەۋزەئى ئەخلاقى ئۇست ،
گەر بەگىيتى سەلسەبىلۇ ھەببەتول ماھ ۋاستى .

[ئەگەر يەر شارىدا "سەلسە بىل" ناملىق جەننەت شارابى تېپىلسا ئىدى، ئۇ ھامان ئۇنىڭ ئېھسانلىرىنىڭ بۇلىقى بولاتتى. ئەگەر جەننەت يەردە بولىدىغان بولسا، ئۇ ھامان ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىڭ بېغى بولاتتى.]

ئېيكى زاتەت كەئبىبە ئۇ ئىسلامۇرۇكنى مىلەتەست،
ئېيكى رويەت مۇقبىلانرا قىبلەئۇ مەرجاستى.

[ئەي، ۋۇجۇدۇڭ ئىسلامنىڭ كەئبىبەسىدەك، مىللەتنىڭ تۇۋرىكىدەك، يۈزۈڭ بەختلىك كىشىلەر ئۈچۈن قىبلە مەسەللىك ئۈمىد قىلىنىدىغان جاي بولغان دوستۇم!]

دىل تەجەللى رابەتوۋو سىدقو ئەزنۇرى سەفا،
ھەسسىت مۇسائى كىشى ئەزمىھرەت يەدى بەيزاستى.

[ساڭا بولغان ساداقەت ۋە ساپ دىللىقتە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاشتۇرمەن. سېنىڭ ماڭا بولغان مېھرىڭ مەن ئۈچۈن نۇرلۇق قولدۇر.]

* * *

قازىل قۇزاتى ئىمادول ھەققى ئۈمىد تونا،
ئەبدۇررەشىدىل ھودا مەۋلەل جەماھىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ قازىلارنىڭ ياخشىراقى ، ھەقىقەتنىڭ تۈۋرۈكى ، بىزنىڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكىمىز ئابدۇرىشىت — توغرا يولغا باشلىغۇچى ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمەتلىك خوجىسى .]

مەن فى سەباھى مۇھەييا ھوسسە بىيھى تۇرا ،
شەرقۇل مەسەرراتى مىن بەرقىل ئەسادىرى .

[ ئۇنىڭ تاڭغا ئوخشايدىغان نۇرلۇق چىرايىدا — پېشانىسىنىڭ جىرىغلىرىدىن ئوچۇق چىرايلىقنىڭ نۇرى يالتىراپ تۇرىدۇ .]

ھىبرول ئەفازىل مەرزىييۇل خىسالى لەھو ،
ھىلمون يەزىيدۇ ئەلا رىزۋا ۋە ھىبرىرى .

[ ئۇ بولسا — پەزىلەتلىك ئالىم ، ئەخلاقلىرىدىن ھەممە كىشى رازى . ئۇنىڭدا "رىزۋا ۋە ھىبرىر" ناملىق تاغلاردىنمۇ چوڭ ئېغىر-بېسىقلىق بار .]

رەئىسۇل كىرمى يەدۇل ئىسلامى ئەينۇ ھۇدەن ،
ئىززول ئەراييننى قەددامۇننە ھادىرى .

[ ئۇ ، ئۇلۇغلارنىڭ باشلىقى ، ئىسلامنىڭ قولى ، ھىدايەتنىڭ بۇلىقى ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىززەت ئابرويى ، ئالىملارنىڭ پېشۋاسى .]

مۇھسال فەزائىل لا يۇھىسى فەۋازىلەھۇ ،
ئىبساھو فۇسھىن لاۋەلا تەھرىرۇ نىھرىرى .

[ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ساندىن يۇقىرى ، ئۇنىڭ ئېھسانلىرىنى ھېچبىر پاساھەتلىك يازغۇچى بايان قىلىپ ۋەياكى ھېچبىر ئالىم تەھرىرلەپ ساناپ بېرەلمەيدۇ .]

شەرەفتە بەيتەل مۇجەللى بىلقۇدۇمى ۋەقەد ،
نەۋۋەر تەھۇ بىتەجەللىل مەنزەرىننورى .

[سەن قەدەم تەشرىپ قىلىش بىلەن مۇجەللىنىڭ ئۆيىنى شەرەپكە ئىگە قىلغان ئىدىڭ ، نۇرلۇق مەنزىرەڭ بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە نۇر بېغىشلىغان ئىدىڭ .]

ئەتھەفتەھۇ بىشۇمۇئىن كەننو جۇمى بىھا ،
قەد زىدتە مەنزىلەھۇ نۇرەن ئەلا نۇرى .

[ئەمدى تەجەللىنىڭ ئۆيگە يۇلتۇزدەك شام-چىراغلارنى سوۋغا دەپ تەقدىم قىلدىڭ . بۇنىڭ بىلەن تەجەللىنىڭ ئائىلىسىگە نۇر ئۈستىگە نۇر قوشتۇڭ .]

لازىلتەنەجمەل ھۇدا تەجلۇل غىياھىبەما ،
دامەت شۇمۇئود دۇرادى زاتە تەنۋىرى .

www.uyghurkitap.com



[سەن داۋاملىق ھىدايەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتىدىغان يۇلتۇزى بولغايسەن— نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ چىراغلىرى ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرغان مۇددەتلەرنىڭ ھەممىسىدە . . .]

## تەجەللىنىڭ مەۋلانا مۇھەممەت يولداشقا يازغان قەسىدىسى

قىشتا ساقى بەھار كۆرگۈم بار،
مەي گۈلگۈندىن ئاچىلۇر بۇ بەھار.

[ئەي ساقى، قىش پەسلىدە باھار كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئىزدىگەن بۇ باھار— قىزىلگۈلگە ئوخشايدىغان قىزىل شارابتىن تېپىلىدۇ.]

سەن فەراموز بولكى باشىمغە
گۈرز بەرزۇ مىسال توشتى خۇمار.

[سەن فەراموز بولغىنىكى، بېشىمغا بەرزۇ ئاتلىق قەھرىماننىڭ گۈرزىسىدەك كۈچلۈك خۇمار چۈشمەكتە.]

تۈت سەبوھى ماڭا كىم ئەۋۋەلى شام،
سۇبھى ئېرور بەرق ئۇرۇپ تەبەسسۇمى يار.

[سەن ماڭا شۇنداق نۇرلۇق شارابنى تۇتقىنكى، ئۇنىڭدىن يارنىڭ تەبەسسۇمى چاقنىغاچقا، غەم-قايغۇنىڭ شام زۇلمىتى

شادلىقنىڭ تېگىگە ئايلىنىدۇ.]

بادەنىڭ قەدرو ھۆرمەتى ئەفزۇن ،
ھەم مېنىڭ زەۋقو رىغبەتىم بىسيار .

[شارابنىڭ ھۆرمىتى بەكمۇ زىيادە ھەم ئۇنىڭغا مېنىڭ زەۋقى-ئىشتىياقىممۇ كۆپ.]

تامماسۇن يەرگە قەترەئى سەھبا ،
يانە بولسۇن پىيالە ھەم سەر شار .

[يەرگە شارابنىڭ بىر تامچىسىمۇ تاممىسۇن ، ھەم پىيالە-غىمۇ بېقىش بولسۇن.]

بادە گۈل بۇي بولۇپ سەنەم گۈلرۇي ،
يازۇ-قىشىدۇر ھەمىشە ماڭا بەھار .

[شارابنىڭ بويى قىزىلگۈلدەك خۇشبۇي بولسۇن ، نازىنىن يار قىزىلگۈلدەك قىزىل يۈز بولسۇن ، بۇنداق بولغاندا قىش بىلەن ياز مەن ئۈچۈن داۋاملىق باھاردەك گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ.]

بۇم ئاۋازىدۇر رىيائى زىكىر ،
دىلنى چول قىلغۇسى ئۇل ئاخىر كار .

[كىشى كۆرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن قىلىنغان زىكىر-تەسبى-
يەلەر خۇددى ھۇقۇشنىڭ ئاۋازىدەك ئاقىۋەت دىلنى خارابىلاشتۇ-
رىدۇ.]

دەير ئىچىدە نەۋا چېكەر ئۇششاق
خوش ھۇمايون نىچۇككى مۇسقار.

[ئاشىقلار مەيخانىدا خۇشلۇق بىلەن ناۋا-سازىنى چالىدۇ-
مۇسقار ناملىق سازچى قۇشتەك.]

ھەر ئىككىسى ھارام غەفلەت ئىلە
نەغمە چەڭۇسەيھەئى ئەزكار.

[چاڭنىڭ ساز ئاۋازى ۋە خۇدانىڭ زىكرىنىڭ ئاۋازى دىل-
نىڭ غاپىللىقى بىلەن بولسا،بۇنىڭ ھەر ئىككىسىھارامدۇر.]

سەيد ئۇچۇن سۇبھە دامى قۇرماقتىن
فەرىز ئېرۇر تەۋبە ۋاجىب ئىستىغفار.

[كىشىلەرنىڭ ئىخلاس-مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈ-
چۈن تەسۋىنىڭ قىسمىقىنى قۇرۇش— تۆۋە ئىستىغپار قىلىش
پەرز بولغان ئىشلاردىندۇر.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەر يامان ئىشىق بازلىقنى فەقىھ ،
ياخشىمۇ كىبرۇ نەخۋەتوپىندار .

[ئىشقىۋازلىقنى ئالىملار يامان دەيدۇ . ئۇنداق بولسا ، كە-
بىر قىلىش ، مەغرۇرلىنىش ياخشىمۇ ؟]

مەيى گۇل رەڭ تەمى بولسە ئاچىغ ،
جىفەئى غەيبەت ئولدىمۇ خۇشخار .

[قىزىلگۇل رەڭلىك شاراب ئاچچىق بولسا ، غەيۋەت قىلىش
بىلەن كىشىلەرنىڭ گۆشىنى يېيىش تاتلىقمۇ ؟]

تەڭرىنىڭ رەھمەتىمۇدۇر مەخسۇس ،
كەرەمىغە رەۋامىدۇر ئىنكار .

[ئاللانىڭ رەھمىتى بىر خىل كىشىلەرگىلا خاسمۇ ؟ ئاللا-
نىڭ كەڭچىلىكىنى ئىنكار قىلىش توغرىمۇ ؟]

بارچە سىراب ئولۇر ياغىن ياغسا ،
گۇلۇ رەيھان قاتارىدا خەسۇ خار .

[يېغىن ياغقاندا گۇل-رەيھانلار قاتارىدا بارلىق تىكەن-ئوتلا-
رىنمۇ ئۇسسۇزلۇقى قانغاندەك ، ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ياخشى-
يامان ھەممىسىنىڭ نېسىۋە ئېلىش ئۈمىدى بار .]

. . .     . . .     . . .

مەندە يوق دام سۆبھەۋۇ دەفتەر ،
مەندە يوق رەڭگو خىرقەۋۇ دەستار .

[مەندە كىشىلەرنى ئالدايدىغان تەسۋى ، دەپتەرلەرمۇ يوق ؛
مەندە ئۆزۈمگە يالغاندىن رەڭ بېرىدىغان تون ،سەللىمۇ يوق .]

ئەھلى دەئۋا چالىپ نەققارەلەرىن ،
مەنى خەمۇش ئىلە قىلۇر مىنقار .

[قۇرۇق ئىلىم دەۋاسىنى قىلىدىغان ئالدامچىلار ياۋاش ،
خامۇش تەجەللىگە جەڭ ئېلان قىلىش ناغرىلىرىنى چالماقتا .]

رىندى ئازادەمەن سۆزۈم مەيى ناب ،
غەرەز ئالودە ۋەزدىن بىزار .

[بارلىق پەسكەش غەرەزلەردىن ئازادمەن . سۆزلىرىم مەي-
دەك تەسىرلىكتۇر .غەرەزلىك ۋەز-نەسىھەتلەردىن بىزارمەن .]

. . .     . . .     . . .

ئى تەجەللى ، سەن ئۇرما تەئنە ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىم بولۇپمەن سەلاھ ئەھلىدە خار .

[ئەي تەجەللى ، سەن ئەھلى سالاھ دەپ ئاتالغان نامدارلار ئارىسىدا خار كۆرۈلگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە تەنە-مالامەت قىلما !]

خار كورسە سەلاھ ئەھلى نىې غەم ،
كىم خەرابات ئىچىندە قەدرىم بار .

[ئەھلى سالاھلار مېنى خار كۆرسە ھېچ غېمىم يوق . چۈنكى خاراباتىلار ئىچىدە مېنىڭ قەدرى-قىممىتىم بار .]

. . .          . . .          . . .

ھەزرەتى مەۋلەۋى مۇھەببەتىدۇر ،
مىنى مەست ئەتكەن ئول مەي خوش بار .

[مېنى مەست قىلغان ئۇشبۇ خۇشلۇق كەلتۈرگۈچى شاراب — بورادىرىم ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىبارەتتۇر .]

ئول ئەبولپەيز مەۋلەۋى يولداش ،
ئەسمەئى مەنتىقى فۇزەيل ئەتۋار .

[پەيزى فۇتۇھاتىنىڭ ئاتىسى بولغان ئۇ ئالىمنىڭ ئىسمى

مەۋلىۋى يولداشتۇر . ئۇ ، سۆزىنىڭ پاساھەتلىكلىكىدە ئەسمە-
ئى①ئاتلىق تارىخشۇناس ئەدىبكە ئوخشايدۇ . ياخشى ئەخلاقتا
فۇزەيل②ئاتلىق گۈزەل ئەخلاقلىق ئالىمغا ئوخشايدۇ .]

ئىلىم كوھى ئېرۇر ۋەلى راسىخ
جۇد بەھرى دۇرۇر ۋەلى زەخخار .

[ئۇ ، ئىلىم مەرىپەتتە مۇستەھكەم تاققا ئوخشايدۇ ، سې-
خىيلىقتا تولغان دېڭىزدەكتۇر .]

فەھم ئالدىدا يوق ھەكىمغە سۆز ،
تۇيغۇن ئالدىدادۇر ھەقىرۇ ھەقار .

[ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدە ، تۇيغۇنلۇقتا ھېچقانداق ھېكىم
ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىيەلمەيدۇ ، بەلكى پەس ئورۇندا تۇرىدۇ .]

بولسا بۇ كۈندە گەر غەزالى ئاگا ،
ئارسلان دەپ قىلۇر ئىدى ئىقرار .

---

① ئەسمەئى— ئەرەبلەر ئىچىدە ئۆتكەن ، پاساھەتتە زەربول مە-
سەللىك بىر تارىخشۇناس يازغۇچى .

② فۇزەيل— گۈزەل ئەخلاقتا زەربول مەسەللىك بىر ئۇلۇغ
ئالىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[ ئەگەر بۇ كۈندە ئىمام غەززالى① ئاتلىق ئالىم هايات بولسا ئىدى ، ئىلىم مەيدانىدا بۇنىڭ باتۇر يولۋاسلىقىنى ئېتىراپ قىلـ- غان بولاتتى .]

كىلكى نەخلى كەلىم ئىرۈركى تۈشەر ،
كۆرسە ئانى زەمەخشەرى غەشرار .

[ ئۇنىڭ قەلىمى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ هاسىسىدەك مۆجىزە ئىجاد قىلغۇچى قەلەمدۇر . ئۇنى ئەگەر زەمەخشەرى② دېگەن ئا- لىم كۆرسە ئىدى ، ئۇنىڭ قەلىمىگە ئىشتىياق يالقۇنى چۈشەر ئىدى .]

خىزىرو مۇسا كەبى مۇسەللەم ئاڭا ،
ئىلمۇ ئىرفان جاهانى ئىچرە سىمار .

[ ئىلىم-مەرىپەت دۇنياسىدا هەرقانداق هەقىقەتنى كەشىپ قىلىشتا ئاڭا بارلىق ئالىملار تەسلىم بولىدۇ— خىزىر ئەلەيھىس- سالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۆجىزلىرىگە تەسلىمبولغاندەك .]

---

① ئىمام غەززالى— هىجرىيىنىڭ 4-ئەسىرلىرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيلاسوپ ، ئىسلام ئالىمى .

② زەمەخشەرى— هىجرىيىنىڭ 5-ئەسىرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئا- لىم .

مىدھەتى نەغمەسىن ئادا تاپماس ،
سۆز بولۇپ مەسنەۋى قەلەم مىزمار .

[ «مەسنەۋى»دەك چوڭ كىتابلارغا ئۇنىڭ ھەققىدىكى مەد-
ھىيىلەرنى يېزىپ ، بۇ مەدھىيىلەر سازىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش
ئۈچۈن قەلەملىرىمنى چالغۇ نەي قىلىپ ھەرقانچە چالساممۇ ،
ئۇنىڭ تەرىپىنى بايان قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس .]

يانىپ ئاخىر دۇئا تەرانەسىغە ،
يوتكەدىم پەردە يورگەدىم تۇمار .

[شۇنىڭ ئۈچۈن مەدھىيە سازىنى توختىتىپ ، چالغۇمنى
ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش پەدىسىگە يۆتكىدىم ، تۈگىمەس مەد-
ھىيە تۇمارىنى قاتلىدىم .]

دامە نەجمول ھۇدا ۋەشەمسۇ ئۇللى ،
مەنسەرەت زۇلمەتۇن بىزەۋئى نەھار .

[ئۇنىڭ يولتۇزغا ئوخشايدىغان ھىدايەت نۇرى ۋە قۇياشقا
ئوخشايدىغان ئالىي مەرتىۋىسى داۋام قىلغاي ! تاڭنىڭ ئېتىشى
بىلەن تۈننىڭ قاراڭغۇلىقى كۆتۈرۈلىدىغان مۇددەتلەرنىڭ ھەم-
مىسىدە ئىلاھىم شۇنداق بولغاي !]

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تەجەللىنىڭ شەمسىدىن دامۇللامغا يازغان قەسىدىسى

ئەشەمسەل فەزلى ئىتنى قەبلە ئامىن ،
رەئەيتوكە فىل مەنامى فەئەسفى ۋەدرى .

[ئەي ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قۇياشى ! مەن بۇندىن بىر يىل ئىلگىرى سېنى چۈشۈمدە كۆرگەن ئىدىم ، بۇ سۆزۈمگە قۇلاق سال !]

فەئىنىنەكە رافىئى شەئىنەن ۋەقەدرەن ،
بىتەر جىمەتىن توھەرررىروھا ۋەزىكرى .

[مېنىڭ تەرجىمىھالىمنى ۋە ياخشى سۈپەتلىرىمنى يېزىش ئارقىلىق شان-شۆھرىتىمنى ، مەرتىۋەمنى كۆتۈرۈدىغانلىقىڭنى سەن بىلەن كۆرۈشكەن چېغىمدىلا بىلدىم .]

فەدۇم ياشەمسۇ مائەبدەت زوكائۇن ،
بىنۇرى شوئائىھا ئەن بەسمى فەجرى .

[ئەي قۇياش ، سەن ماڭا قىلغان بۇ خىزمىتىڭ ئۈچۈن

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسەن !— تاڭ نۇرى تەبەسسۇمىدىن قۇياش نۇرى يالتىرىغان مۇددەتلەرنىڭ ھەممىسىدە .]

ۋەئەلسىنەتۇل مەزابىرى مىنكە تۇبدى ،
شۇئائەل فەزلى فى نەزمىن ۋە نەسرى .

[قەلەملەرنىڭ تىللىرى شېئىر ۋە چاچما سۆزلەرنى يېزىش ئارقىلىق ئىلمىي پەزىلەتلىرىڭنىڭ نۇرىنى داۋاملىق ئاشكارىلىدىسۇن .]

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com



قوشۇمچە:

## شەمسىدىن داموللامنىڭ تەجەللىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان مەرسىيىسى

فاتەل مۇجەللى فاما تەسىسدقو ۋەلئەدەبۇ ،
ۋەلغەزلۇ ۋەددىينو ۋەلئەليا ئو ۋەننەسەبۇ .

[تەجەللى ۋاپات بولدى ، شۇنىڭ بىلەن ساداقەت ، ئىلىم ،
ئەدەپ ، دىيانەت ، ئالىي مەرتىۋە ، نەسەبمۇ ۋاپات بولدى .]

ئەششائىرول مۇفلىقۇ مىنتىقو ئەۋ سەفوهوم ،
لىروقيەتىل مۇستەفا دەررەت لەهوسىۇهۇبۇ .

[ئۇ بولسا— ئاجايىپ ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ،
سۆز ئۇستىسى بولغان شائىر ئىدى . مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام-
نىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىنى كۆپ كۈيلىگەنىدى . ئاللانىڭ رەھمەت
بۇلۇتلىرى ئاڭا رەھمەت يامغۇرى ياغدۇرۇپ تۇرسۇن .]

كانەل مۇجەللىيە فى فەزلىن ۋەفى دىيەنىن ،
فەماشە ئەسبەقەنا نەھۋەل بەقا يەسبۇ .

[ئۇ ، ئىلىم پەزىلەتتە ، ياخشىلىقلاردا بىرىنچى ئىدى . ئەمدى باقى ئالەم تەرەپكىمۇ بىزدىن ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى .]

ۋەكانە تەببەن ئەسسىيەن هازىقەن شەجىئەن ،
يەسۇلۇ شەئفەتەلەيسىن مالەهۇ رەهەبۇ

[ئۇ بەكمۇ غەمخور ، ماھىر دوختۇر ئىدى . شۇنداق قەھرىمان ئىدىكى ، يولۋاسقىمۇ قورقمىغان هالدا هەملە قىلاتتى .]

تىلكەل بەلىيەتۇ ئەنسەت كولله فاقىئەتىن ،
ۋە بىل ئەۋيى ئەمازەت تولله بەن سەهبۇ .

[ئاشۇ مۇسىبەت بالاسى بىزگە ئۆتكەن ھەرقانداق ھادىسىلەرنى ئۇنۇتتۇردى ، شائىرنىڭ سۆھبىتىدە بولغان بارلىق ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئۇنلۇك يىغلاتتى .]

ئەرافىلەن فىي بۇرودىننۇسەى ۋەررەشەدا
قەدكۇنتەئە قەرمەن ئىلەيهى يەر جىئۇل هەسەبۇ .

[ئەي ، خەلققە نەسىھەت قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاشنى ئۆزىگە كىيىم قىلغان زات ، سەن بارلىق شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولغان ئۇلۇغ پېشۋا ئىدىڭ .]

شەھرۇسسىيامى ئەجەپتەل هەققەفىهى ۋەبىك ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەيتۇل ئەنامى بىدەمئىن ھەتلۇھۇررە جەبۇ .

[رامىزان ئېيىدا ھەقنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ ، دۇنيادىن ئۆتتۇڭ . شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلقنىڭ ئائىلىلىرى كاتتا مۇسىبەت بىلەن ياش تۆكمەكتە .]

نەجەۋ تەمىن دارىمەيىنىن سارەھا كەدەرۇن ،
مەيلەن ئىلا دادى ئەينىن فەرۇشۇھا قۇرەبۇ .

[قايغۇ-ئەلەملىك ئالەمدىن تېز كېتىپ ، نېمەت ۋە قۇربەت تۆشەكلىرى بىلەن تولغان ئالەمگە ئۇلاشتىڭ .]

مامەررە مىسلۇكە فىل ئىسلامى لاقەمىنۇن ،
ئەداكە بىلىئىلىم ۋەل ئەليا ۋەلا زەرەبۇ .

[ساڭا ئوخشاش پەزىلەتلىك بىر كىشى ئىسلام ئالىمىدە ئۆتمىگەن . ئىلىم ۋە ئالىي مەرتىۋىدە سەندىن ئاشىدىغان ھېچبىر ئەخلاقلىق ۋە پاساھەتلىك شائىرمۇ يوق .]

لاسىيەمافىي بەدئىل ئەددى مىن ئەرەخىل ،
ئەسسەجائى مالەكە مىسلۇن فىيىھى ئەنتە ئەبۇ .

[خۇسۇسەن ھەربىر مىسرا ۋە سەجئىلەردىن ۋەقەلىكنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىدىغان شېئىر ۋە چاچمىلارنى يېزىشتا سەن-

دەك ماھىر كىشى ھەرگىز يوق ، ئۇ پەننىڭ ئاتىسىدۇر.]

ۋەلئارىخۇنە ئىيالۇن ئەبسەئۇنە فەما ،
يەھسۇنە جافەزلەتىن ئەنكۇم ۋلائەجەبۇ .

[بۇنداق شېئىر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئائىلە-
باللىرىڭغا ئوخشاش سېنىڭ ئاتىقىڭنى سورايدۇ ، بۇ ئەجەبلە-
نەرلىك ئەمەس .]

ۋە قەولوكەرۇھۇ مىن شېئىرىن ۋەمىن فىقەرىن ،
ھولۇۋۇن لەدەينا كەئەن فىي ئەبھەھىززەرەبۇ .

[سېنىڭ شېئىر ۋە چاچما سەجئىي سۆزلىرىڭ روھقا ئوخ-
شايدۇ ، خۇددى بەكمۇ شېرىن-ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغاندەك .]

رەجائۇ مىللەتىنا فىيكومنەرا ھەدەدەن ،
ۋە شىقۇەتاھۇ ۋەياكەيداھۇ ۋاتەئەبۇ .

[ئەپسۇسكى ، مىللەتىنىڭ جانابلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى
بىكار بولدى . بۇنداق چوڭ بەختسىزلىك ، بۇنداق قايغۇ مۇسى-
بەتكە قاتتىق ئېچىنىمەن .]

فەلىيەۋمە يەبكىيكە ئەينول فەزلى ۋەل ئەدەبا ،
ۋەششەمۇ فىي رەھەبىن لىررۇزئى ۋەسوھۇبۇ .

[بۈگۈن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ كۆزلىرى، ئەدىپ، ئالىملار-
نىڭ كۆزلىرى ساڭا يىغلىماقتا، قۇياش، يۇلتۇزلارمۇ بۇ مۇسى-
بەت ئۈچۈن قايغۇرماقتا.]

يەرسىكە يامەۋلەۋىيەششەمسۇ يەندۇبۇھۇ،
جىرمىي يۇتەرجىمۇ ئەنھول مىقۋەلود دەئىبۇ.

[ساڭا شەمسىدىن مەرسىيە قىلىدۇ: ئەي ئۇلۇغ ئالىم ئۇس-
تاز، يىغلىغان ھالدا ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى ئۈچۈن ئۆتكۈر تىل
تەرجىمانلىق قىلىپ تەزىيە بىلدۈرمەكتە.]

تىكەل قەسىيدە تۇ ئەھرا كۇللۇ مىسرە ئىفنها،
بىئامى فەۋتىل مۇجەللى مىيرەتەن يەھەبۇ.

[بۇ قەسىدىنىڭ ھەربىر مىسراسى تەجەللىنىڭ ۋاپات يىلى-
نى تونۇتۇشتا ئوزۇق بېرىدۇ.]

## تەجەللىنىڭ بىر قىسىم ھەجۋىي شېئىرلىرى[1]

نىكان كەنشى بەدان گەرىفتە ،
مەردۇم مەنىشى دەدان گەرىفتە .

[ياخشىلار يامانلارنىڭ خۇي-قىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان ؛ ئادەملەر ياۋايىلارنىڭ خۇيىنى قوبۇل قىلغان .]

ئەز سىينە مۇھەببەتو سافارەفت ،
ۋەزدىدە ھايا چۇ تۇتىيا رەفت .

[سىنەلەردىن ساپ مۇھەببەت ، كۆزلىرىدىن ئۇيات ، ھايا كەتكەن ، ئۇ تۇتىيادەك ناياب بولغان .]

---

① شائىر— ئىلىم-مەرىپەتتىن ھېچ خەۋىرى بولماي تۇرۇپ پەزىلەت دەۋاسى قىلغان ، خەلقنى ئالدىغان ۋە ھەقىقىي ئالىملارغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان ، ئاداۋەتتە بولغان ئەخمەقلەرنى تەنقىد قىلىپ ، شۇنداقلا زامانىنىڭ تەتۈر ئىقىمىدىن شىكايەت قىلىپ ھەم ئۆز دەۋرىدىكى ھەرساھە كىشىلىرىدە بولغان ناچار ئەھۋاللارنى پاش قىلىپ ، بىرمۇنچە ھەجۋىي شېئىر-قەسىدىلەرنى يازغان . بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن بېيىتلەر شائىرنىڭ «تۇھبەتۇلبەررەيىن» ، «بەرق تەجەللى» ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەگزاشت بەرۇيى ئاشنائى ،
تارىكيى كىزب رەۋشنائى .

[ يالغانچىلىقنىڭ زۇلمىتى — ئاشنالىقنىڭ يۈزىدە ھېچبىر يورۇقلۇقنى قويمىغان .]

يارىكى توراست ئىشتىياقەش ،
بورروخ كەلەفەست ئەزنى فاقەش .

[ سېنى سېغىنىدىغان يارۇ-بۇرادەرلىرىڭنىڭمۇ يۈزلىرىدە مۇناپىقلىق داغى مەۋجۇت .]

بىگىرىفت مۇسادەقەت كەرانە ،
ئىنساف گۇرىخت ئەزمىيانە .

[ سادىق دوستلۇق جەمئىيەتتىن چەتكە چىققان ، ئىنساپ دېگەن ئەخلاق ئارىسىدىن قاچقان .]

ئان ھەرف كى مەئىنى ۋەفاراست ،
مەنقۇش بەلەۋھى بالى ئەنقاست .

[ ۋاپادارلىق ھەرپى ئەنقا دېگەن قۇشنىڭ قانات تاختىسىغا يېزىلغان ، يەنى ئىسمى بار جىسمى يوق .]

ئىسلامىي قەۋم نەنگى ئالەم،
دەرباختە غەيرەتۇ قەۋان ھەم.

[مۇسۇلمان گۇرۇھلىرى ئالەم خەلقى ئىچىدە نومۇسلۇق ئىشلارنى قىلىۋاتقان ھەم غەيرەت-قۇدرەتنى ئۇنتۇرۇۋەتكەن.]

جۇيانى تەرەققىيەند يەكسەر،
ئەمما بەفەرازى نەشئەئى زەر.

[ھەممىسى تەرەققىيات ئىزدىگۈچى، ئەمما ئالتۇن تېپىپ باي بولۇش خىيالى ئۇستىدە...]

ۋان مۇددەئىيانى ئىلم سەرمەست،
دەرمەنتقى شۇرۇشەر زەبەردەست.

[مېڭىسى دۇنيا مۇھەببىتى بىلەن مەست بولغان ئالىملىق دەۋاسىنى قىلغۇچىلار— پىتنىخورلۇق ۋە يامانلىق بىلەن ئۇس-تۇن بولۇۋېلىشقان.]

ئىلمى ھەمە ھەس دەردو تەقسىم،
تەسدىقى زەرۇ تەسەۋۋۇرى سىيم.

[ھەممىسىنىڭ ئىلمى ئىككى خىلدىن تاشقىرى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرىنچى ، ئالتۇنغا ئېشىنىش ، ئىككىنچىسى ، كۈمۈشنى ئوي-لاش .]

ئەز ئىلمى جىدال پۇر شەرۇ شور ،
قۇرئان ۋە ھەدىس كەردە مەھجۇر .

[ئۇلار جېدەل ئىلمىگە ئۇرۇنۇۋالغانلىقتىن ، يامانلىق ۋە پىتنىخورلۇق بىلەن قۇرئان ئىلمى ۋە ھەدىس ئىلمىدىن يىراق-لاشقان .]

ۋەز تەھسىلى ئۇلۇم مەتلەب ،
شەيخىيىو مۇدەررىسىيۇ مەنسەب .

[ئىلىم ئوقۇشتىن مەقسىتى شەيخ بولۇش ، مۇددەرىس بو-لۇش ، مەنسەپدار بولۇش ، ئۇلارنىڭ ئاللا رىزالىغى ئۈچۈن خەلق-قە خىزمەت قىلىش مەقسىتى يوق .]

نوشىدە بەھىيلەئى مۇرەۋۋەر ،
خۇنى فۇقەرا چو شىرى مادەر .

[پەدەزلەنگەن ھىيلىلەر بىلەن پېقىرلارنىڭ قېنىنى ئانىسى-نىڭ سۈتىدەك كۆرۈپ ئىچىدۇ .]

دىن را ھەمە خەيرباد گوفتە ،

جۆز نام لەقەب زياد رەفتە .

[ھەممىسى "دىنىمىز ياخشى بولسۇن" دەيدۇ . ئەمما ئەمەلىيەتتە ، ئۇلاردا دىنىنىڭ قۇرۇق نامى ۋە ياخشى سۆپەتىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق .]

قارون فرئەۋن بىجامەيۇجام ،
ئىبلىس رەۋش مۇھەممەدى نام .

[قارۇن ۋە پىرئەۋنىنىڭ ئەخلاق تونى ۋە شارابىغا ئالودە بولغان ، نىيەت ، ئەخلاقى شەيتاندەك بولغانلار ئۆزىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىسى دەپ نام بەرگەن .]

گەبرىكى نەدىدە داشت يى دىن ،
چەشمەش چۇ كوشاد گەشت خۇدبىن .

[ھەقىقەتنى كۆرىدىغان كۆزى ۋە دىيانىتى يوق كورلار ، ھېسسىي كۆزى بىلەن ئۆزىنىلا پەزىلەتلىك كىشى كۆرۈپ مەغرۇرلىنىشىدۇ .]

بالەد بەرخۇد زى ھەملى ئەسغار ،
دەرسى ئەنە خەير كەردە تەكرار .

[چوڭ كىتابلارنى كۆتۈرۈۋېلىش بىلەن ئۆزىگە تەمەننا قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىدۇ . ئۆزىگە داۋاملىق "مەن ياخشى" دېگەن سۆزنى دەرس قىلىپ تەكرارلايدۇ .]

با ئىترەتى مۇستافاست دۇشمەن ،
بەرسىنەئى موستافا سىنان زەن .

[مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئەۋلادلىرىغا دۇشمەنلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆكرىكىگە نەنە مالا-مەتنىڭ نەيزىسىنى ئۇرىدۇ .]

پا بەر سەرى خاندان بىمانەد ،
زان فەرق بەفەرقەدان رەسانەد .

[پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بېشىغا پۇت قويىدۇ ، يەنى "ئۇلارنى خارلاپ ، ئۆزىنى ئۇلاردىن يۇقىرى ئۇ-رۇنغا قويىدۇ" . شۇنىڭ بىلەن پەرقىدان ناملىق يۇلتۇزدەك ئۆزىنى ئالىي قىلماقچى بولىدۇ .]

خۇردە نەمەك ۋە نەئىم ئازان خۇئان ،
ۋەزكورى بىشكەنەد نەمەكران .

[پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت داستىخىنىدىن تۇز يەپ تۇرۇپ ، تۇزكورلۇق بىلەن تۇز قاچىسىنى سۇندۇرىدۇ .]

بەرسىنەئى شەرئى چارزانو ،
ئىبلىس نەشەستە مىزەنە "ھۇ" .

[ئىبلىس سۇپەتلىك بىدئەتچىلەر تۆت تىز بولۇپ ئولتۇ-
رۇپ ، شەرئەتنىڭ سىنەسىگە "ھۇ①" نىڭ نەيزىسىنى ئۇرد-
دۇ .]

دەر بىركەئى جەھل كوئەپكەم ،
ئەز ئىلىم نەھەنگ سان زەنەددەم .

[جاھالەتنىڭ يوندىسىغا پېتىپ قالغان گاچا ئەخمەقلەر ،
ئۆزىنى نەھەڭدەك كۆرۈپ ئىلىمدىن لاپ ئۇرىدۇ .]

ۋان خەركى بەق ئەز بەقەر نەدانەد ،
خۇدرا بوقرات فەزل خۇانەد .

"[بەق②" بىلەن "بەقەر③" نى ئايرىيالمايدىغان جا-

---

① ھۇ— شەرئەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ، توغرا بولمىغان ساما سالغۇچى ئىشانلارنىڭ "ھۇ" سېلىشىنى كۆرسىتىدۇ .
② بەق— ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەنىسى "كومۇتا" ، "پاشا" دېمەكتۇر .
③ بەقەر— كالا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھىل ئېشەكلەر ئۆزىنى ئىلىم-پەزىلەتتە "بوقرات" ناملىق پەيلا-سوپ بىلەن باراۋەر قويىدۇ.]

جوھىال گوزىدە موقتە دايەش ،
رەققاس چوخۇرس بەر سەدايەش .

[بىلىمسىز ئادەملەر مۇنداق ئەبلەخلەرنى پېشۋا تىكلىۋال-غان ، ئۇلارنىڭ ساداسىغا ئۇسسۇل ئويىنىغان .]

ۋەزىنخۋەت ئان خەرى مولەببەس ،
پانەنھەد جوز بەچەرخى ئەتلەس .

[ئادەملەرنىڭ ھىمايىسىنى كۆرۈپ ، مەغرۇرلىقتىن ھوشى-نى يوقىتىپ قويغان بۇ ئېشەكلەر ئۆزىنى ئاسمان ئۈستىگە پۇت قويىدىغان ئەۋلىيا سانايدۇ .]

مەرغۇلەئى غۇلى دەمدەمە دەم ،
بەربانگى خەلىل مىزەنەد بەم .

[ئادەمنى ئازدۇرۇپ ھالاك قىلىدىغان ئىزىتقۇلارنىڭ ساز مەرغۇلىسى ، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ھىدايەت ئاۋازى ئۈستىگە باك ئۇرماقتا .]

مىتقارى غۇراب چىرەدەستەست ،

بەرموسىقار ئەزو شىكەستەست .

[قاغىلارنىڭ تۇمشۇقى ئۇستۇن قوللۇق قىلىپ ، خۇش ئاۋاز مۇسىقارغا زەربە بېرىۋاتقان .]

جەر بانگ زنان‌كى مەن بۇراقەم ،
رو بەكۇنى شىر تىمتراقەم .

[ئېشەكلەر "مەن تۇلپار" دەپ جار سېلىۋاتقان . تۈلكىلەر "مەن ھەيۋەتلىك يولۋاس" دەپ لاپ ئۇرۇۋاتقان .]

بەنگى زەدە لاپ ھوشيارى ،
سەر سۇدە بەئەرەش پاچىنارى .

[بەڭگىلەر "ھوشيارمەن" دەپ لاپ ئۇرۇۋاتقان ، "ئەرشكە بېشىمنى سۇرتكەنمەن" دەپ يالغانچىلىق قىلىۋاتقان .]

رەيھان زىخەسەست رەنگۇبوخۇئاھ ،
دەريا زى سەراب ئابرۇخواھ .

[رەيھان گۇللەر قەدىرسىز گىياھلاردىن رەڭ ۋە بوي ئىز-دەۋاتقان ،دەريالار ئالدامچى ئالۋۇندىن ئابروي ئىزدەۋاتقان .]

يەربۇئى كەشەد زىمامىناقە ،

سەگ سىرو شىر ئەسىر فاقە .

[ تۆگىنىڭ چۈلۋۈرىنى سېرىق قويرۇق يېتىلەۋاتقان ، يول-ۋاسلار ئىتلارغا ئەسىر بولۇۋاتقان .]

گۆۋھەر خەزەفو گۆۋھەر شود ،
گوئى زەمىنمۇ زەمان دىگەر شود .

[گۆھەرنى ساپال ۋە ساپالنى گۆھەر دەپ قارالماقتا— زېمىن ۋە زامان باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك . . .]

* * *

چۇ نىېست دىدەئى گەۋھەرشۇناس دەۋرانرا ،
بەران سەرەمكى كۇنەم تەختەبەند دوككانرا .

[دەۋرنىڭ گۆھەر تونۇيدىغان كۆزى بولمىغىنى ئۈچۈن ، گۆھەر ساتىدىغان دۇكىنىمنى تاقىۋېتىش خىيالىدىمەن .]

بەگۇشەئى بىنىھەم شىشەئى دىماغ رەسا ،
بەرەم بەئەرشى بەرىن پايەتاقى نىسيانرا .

[ئەمدى ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن مېڭە قۇتىسىنى بىر بۇ-لۇڭغا تاشلاپ قويۇپ ، ئالىي ئەرشكىچە بولغان ھەممە نەرسىنى

ئۇنۇتۇپ ئۇلتۇرغايمەن.]

ئىنان بىدەستى خۇمۇشى كەشدە دارەم باز ،
زىپۇيە تەۋسەنى كىلكى باھارى جەۋلانرا .

[باھارغا ئوخشاش جەۋلان قىلىدىغان قەلىمىمنىڭ شاش
تېيىنى خامۇشلۇقنىڭ قولى بىلەن تىزگىنلەپ ، يۈگۈرۈشتىن
توختاتقايمەن.]

بەھبەخت كوردىلان شۇد زامانە ئەئۇەر رەنگ ،
كىھدىدا باشەبەھ ھەم سەنگ دۇررۇمەرجانرا .

[كور يۈرەكلەرنىڭ بەختىگە زامانمۇ نەرسىلەرنى ئايرىپ
كۆرەلمەيدىغان بولۇپ ، گۆھەر بىلەن مارجاننى تاش بىلەن ئوخ-
شاش كۆردى.]

گۇزەشىت بۇلبۇلى مەن ئەزناۋا ھەمايۇن باد ،
ھاۋايى- نەغمە كۇلاغانى- شۇم دەستانرا .

[مېنىڭ بۇلبۇلۇم سايراشتىن ۋاز كېچىپ ، نەغمىنىڭ ھە-
ۋىسىنى شۇم قاغىلارغا تاشلاپ بەردى.]

---

چىشەمئى نۇتق فوروزەم بەپىلشى بىبەسەرى ،
كىئەز شەبىستان نە شىناسەدى شىپىستانرا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ «شەبىستان »① بىلەن «شەبپىستان »② نى ئايرىيالمايدى. غان قارىغۇلارنىڭ ئالدىدا ، سۆزىنىڭ نۇرلۇق چىرىغىنى قانداق. مۇ يورۇتقايمەن .]

جەمائەتى زەدە بانگ ئەزدەمى سوخەن دانى ،
كى ئەزخرەد خەرى تۇنبۇرشود لەقەب شانرا .

[ بۇلار گەپدانلىقىنىڭ قىرىدىن باش ئۇرىدىغان گۇرۇھتۇر. كى ، ئەقىل تەرەپتىن ئۇلارغا ”ئېشەك“ ۋە ”ئىچىدە ئىلىم يوق تەنبۇر“ دەپ نام-لەقەم بېرىلگەن .]

لىباسى فەزل زىبوھتانى شانبەران سەرۋپۇشت ،
كىنىست دەرخورى ئىللا فەساروفالانرا .

[ ئۇلارنىڭ بەدەن ۋە باشلىرىغا كېيىلگەن ئىلىمنىڭ كىيىم. لىرى— تۆھمەت بىلەن كىيىلگەندۇر ، ئۇلار پاسار ۋە توقامغا لايىق ئادەملەردۇر .]

غولامى نەفسى خەسىۇ لەكەدزەنەند بەرئەبر ،
چەدەر سەرەست فىرومايەگانى سەكبانرا .

---

① شەبىستان“ — قاراڭغۇلۇق“ مەنىسىدە .
② شەبپىستان“ — ھاشارەتلىك جاي“ مەنىسىدە .

[ئۇلار رەزىل نەپسلىرىگە قۇل تۇرۇپ، بۇلۇت ئۈستىگە كاچات ئۇرىدۇ: "ئۆزىنى بەكمۇ يۇقىرى ھېسابلايدۇ". بۇ ئاجىز سەرمايە، يەڭگىل ئەقىللەر مېڭىسىدە نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇر-ھە؟]

شەمۇردە ھېكمەتو ئىلمۇ لۇتپەئۇ ئىرفان،
گۇزافو موسخەرە گىماۋۇ فوخشوھەزيانرا.

[ئۆزلىرىنىڭ خىيالى، پاسكىنا، بىھۇدە سۆزلىرىنى ھېكمەتلىك سۆز ۋە ئىلىم-مەرىپەت لەتىپەسۆزى دەپ سانايدۇ.]

زىبەسكى موددە ئىيانەند ناتەرراش ھەمە،
زىجەھلى خىۋش تەراشدە ئەندو بورھانرا.

[ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلمىغان، يالغاندىن ئىلىم دەۋاسى قىلىدىغان بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ جاھىللىقى بىلەن يالغانچىلىقىغا ھۆججەت ياسايدۇ.]

ھەرئانچەرنخت خەنناس ئوجىپ دەردىلىشان،
بەفەيزى رۇھ قۇدۇس نام بەرنىھەند ئانرا.

[شەيتان ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تاشلىغان مەغرۇرلۇقنى مۇقەددەس روھ ئالىمىدىن كەلگەن پەيزى ئىلھام دەپ ئاتايدۇ.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دوروست ئان بۆۋەد ئەكنۈنكى دەرتەرىق سۇخەن ،
خەتاسست قەترە زەدەن كىلكى گەۋھەر ئەفشانرا

[ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، گۆھەر چاچىدىغان قەلىمىمنىڭ گۆھەر تامچىلىرىنى تامدۇرماقنىڭ خاتالىقى توغرا بولدى .]

ئەلەف زىسۇنبۇلۇ نەسرىن چىرادىھەم بەدەۋاب ،
چىرادەمەم دەمى داۋود گوشى غولانرا .

[سۇنبۇل ۋە نەسرىن گۇللىرىنى قانداقمۇ بۇ تۆت پۇتلۇق هايۋانلارغا هەلەپ قىلىپ بېرىمەن ، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدەك خۇش ئاۋازىمنى قانداقمۇ بۇ ئېزىتقۇ-ئالۋاستىلارنىڭ قۇلىقىغا تەگكۈزىمەن .]

سىتەم بۆۋەدكى فۇرۇشەم بەمەغزى كەنناسان ،
مەتائى رائىھەئى ئۇدۇ بويى رەيھانرا

[بۇ نىجاسەت كولاشقا ئادەتلەنگەنلەرنىڭ دىمىغىغا ئارچا ۋە رەيھاننىڭ خۇشبۇي ماتاسىنى ساتسام زۇلۇمبولىدۇئەمەسمۇ ؟]

بەجۇز جەفا چى بۆۋەد گەر بەچەشم شەپپەرەگان ،
بەھەديە پىلىش بەرەم جىرمى مېھرى تابانرا .

[شەپەرەڭلەرنىڭ كۆزىگە نۇرلۇق قۇياشنىڭ جىسمىنى سۇۋغا قىلسام، جاپادىن باشقا نېمە بولماقچى؟]

بەدان رەسىدە زى دەستى خەسان مەتائى هۇنەر،
كى باخەسى نەخەرەد كەس رىيازى رىزۋانرا.

[بۇ ئەسكىلەرنىڭ دەستىدىن ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ ئالىي ماتاسى شۇنداق هالەتكە چۈشتىكى، جەننەتنىڭ بېغىدەك سۆزنى كىشى بىر ئەخلەتكىمۇ ئالمايدىغان بولدى.]

چونىن كى زەهرە گودا زەست بىمى ناله ئى بۇم،
چى زەۋقى نەغمە بۇۋەدمۇرغى دىلكەش ئەلهانرا.

[هۇقۇشلارنىڭ ھەسرەتلىك ناللىرى يۈرەكنى ئېزىۋېتىپ تۇرسا، دىللارنى جەلپ قىلىدىغان خۇش ناۋا بۇلبۇلنىڭ قانداقمۇ سايراش زەۋقى بولسۇن؟]

چى هەرف سەرزەدە ئەز غەفلەتەم مائازەللاه،
كى ئەقل بەرلەبى ئەفسوس ماند دەندانرا.

[مەن تەجەللى غەپلەتكە چۈشكەنلىكىمدىن، يۇقىرىقى گەپ-لەر قەلبىمدىن باش تارتىپ چىقتى. مۇنداق بولۇشى ئەقلىم ھەسرەتنىڭ لېۋىنى چىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇنداق گەپلەر دېيى-لىپ قالدى.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زى بومو زاغ چى بىمەست شاھبازى مەرا ،
زى خارۇ خاشە چى پەرۋاست بەھرى ئۇممانرا .

[بۇ ھۇقۇش ۋە قاغىلارغا مېنىڭ ئالىي قارچۇغام قانداقمۇ پەرۋا قىلسۇن ! تىكەن ، ئەخلەتلەردىن ئۇمman دەرياسىنىڭ نېمە پەرۋايى ! ؟]

دۇخانى گۇلخەنى بەر تاپتەن كۇجا يارەد ،
ئىنانى شىئىشئە گۇلگۇنى مېھرى رەخشانرا .

[گۇلخان تۇتۇنىنىڭ نۇرلۇق قۇياشنىڭ يالقىرىغىنىڭ تىز-گىنىنى قايرىۋېتىشكە قانداقمۇ قۇدرىتى يەتسۇن ؟ !]

زى چەشمى بى بەسەران گەرفتە موزايىقە چىسىت ،
بەرەند دىدە ۋەران سۇرمەئى سىفاھانرا .

[كورلار سۇرمە ئالمىغانلىقتىن ، سۇرمە سېتىشتا قىيىن-چىلىق بولسا ، نېمە زىيان بولسۇن ؟ كۆزى نۇرلۇقلار ئىسپاھان سۇرمىسىنىڭ قەدرىنى بىلىپ ئالىدۇ ئەمەسمۇ ؟]

رەۋاست ئەز نەفەسى ئەنبەرىنەم ئەر سوزەند ،
كى شۇئلە يابەد مەغزى جو ئەل باھارانرا .

[بۇ ئەبلەخلەر مېنىڭ ئەنبەر پۇرايدىغان نەپەسىمدىن غەزەب بىلەن كۆيسە كېرەك، چۈنكى، قوڭغۇزنىڭ دىمىغى خۇشبۇي باھارنى ئوت دەپ يامان كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟!]

دەرەند پەردەئى خۇدرا زى ئەيب گويىئى شېئىر،
بەناقسانىست ئەسەر بەرخىلافى كىتمانرا.

[ئۇلار شائىرلىقنى ئەيىبلەش بىلەن ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ رەسۋا بولدى. بۇ ناقىسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىياپە-تىنى يوشۇرۇشقا قارشى ئالامەتلەر ئاشكارىلاندى.]

بەلى چودەست بەئالۇ نەمەرە سەد توروشەست،
نى زاغ دىد تۇۋانەد ھەزارى دەستانرا.

[ئەھۋال شۇنداق، قول يەتمىگەن شېرىن مېۋە ھامان ئاچ-چىق كۆرۈنىدۇ. قاغىنىڭ خۇش ئاۋاز بۇلبۇلنى كۆرەلمەسلىكى تەبىئىي.]

بەھەيرەتەم كى چىراكەف بەنەسەر لەرزەد شان،
ئەگەرزى شېئىر بوۋەد ئار ئېلمۇ ئىرفانرا.

[ئاھ! ئەگەر ئۇلار دېگەندەك شائىرلىق ئىلىم-مەرىپەتلىك كىشىگە ئەيىب بولىدىغان بولسا، ھەيرانمەنكى، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوللىرى ھەتتاكى چاچماسۆزيېزىشتىنىمۇتىترەيدۇ.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆنەند ئەيىب موتەررەز قەبايى مەن ژانگە ،
بەخود ئىمامە نومايەند ئىزار خەلقانرا .

[ئۇلار مېنىڭ گۈللۈك ۋە گۈزەل كىيىملىرىمنى ئەيىبلە-
شىدۇ .ئەمما ئۆزلىرى باشلىرىغا كونا ئىشتانداسەللەئورايدۇ .]

گۇمان بەرەند شۇتۇرمۇرغى خۇدچۇ سىمورغەم ،
زى دودى بەنگ بەر ئەفشانەدە بال تەيرانرا .

[ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۆگە قۇشىنى- مېنىڭ سۇمۇرغ قۇشۇم
دەپ خىيال قىلىشىدۇ . بۇ بولسا ، نەشىنىڭ تۈتۈنى ئۇلارنىڭ
مېڭىسىگە تەسىر قىلىپ ، خىيالى قانات ياساپ ئۇچمەن دېگە-
نى .]

ئەگەر نەشئىر بوۋەد مەخزەنى ئۇلوم كونەند ،
چىرا بەشئىر موفەسسىر لۇغات قۇرئانرا .

[ئەگەر شېئىر- ئىلىمنىڭ خەزىنىسى بولمىغان بولسا ،
ئالىملار ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى نېمە ئۇچۇن شېئىر بىلەن
تەپسىر قىلىدۇ ؟]

ئەگەر نى شېئىر بوۋەد خۇدبەئى فەزىلەت مەرد ،
نەبى بەرايى چى مىنبەر نىھاد ھەسسانرا .

[ئەگەر شېئىر دېگەن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى كۈيـ-
لەيدىغان ئالىي خىتاب بولمىسا ئىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
ھەسسان دېگەن شائىرغا شېئىر كۈيلەش ئۈچۈن مۇنبەر قويۇپ
بەرمىگەن بولار ئىدى .]

ئوروس ئىلىم بولۇەد ھاجەتەش بەھلىيەئى شېئىر ،
كى جىلۋە ئەست فەزىھەت نىگارى ئورىيانرا .

[ئىلىم دېگەن نازىنىنمۇ شېئىرنىڭ زىبۇ-زىنىنىتىگە ئېھتىـ-
ياجلىق . چۈنكى ، نىگار يالىڭاچ بولۇپ قالسا رەسۋالىق بولىدۇ
ئەمەسمۇ ؟]

زى ناقسان چى ئەجەپ نەقس گەۋھەرى شېئىر ،
چى قەدردانەد باقىل كەمالى سەھبانرا .

[ناقىسلار شېئىر گۆھىرىنىڭ قەدرىنى ئەيىبلىك ھېسابلىـ-
سا نېمە ئەجەبلىنىش ؟ باقىل دېگەن گاچا سەھبان دېگەن شائىر-
نىڭ كامالىتىنىڭ قەدرىنى قانداق بىلسۇن ؟]

مەرازى ئەۋئەۋى ئىن خارجى سەگان چى ھىراس ،
كى شىبلى نەررەمەنەم خاسسە شىرى يەزدانرا .

[بۇ خاۋارىچ ئىتلارنىڭ قاۋشىدىن ماڭا نېمە خەۋپ بولـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۈن؟ چۈنكى، مەن ئاللانىڭ يولۇسى— ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەركەك پەرزەندىمەن.]

زى خىرە چەشمى نامەردومان مەراچى غەمەست،
كى ئەينى مەردومەكەم چەشم بەزمى ئەئيانرا.

[بۇ نامەردلەرنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ پەزلىمنى كۆرۈشتىن خىرە بولغىنىدىن نېمە غېمىم بولسۇن؟ چۈنكى، كۆز قارچۇغۇم مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەر بەزمىسىنىڭ كۆزىدۇر.]

بە بەزمى نۇكتە ۋەران ئان نەزارە تەست زى مەن،
كى ھۇسن رازى شەباب ئەزباھار بوستانرا.

[نازۇك ئىبارىلىك شائىرلارنىڭ بەزمىسىگە مېنىڭ سۆزۈمدىن شۇنداق گۈزەللىك بولىدۇكى، ياشلىقتىن ھۆسنۈ-جامالىغا ۋە باھاردىن باغۇ-بوستانغا گۈزەللىك زىيادە بولغاندەك.]

چو مىھرو مەن مەلىكۇششەرق ھېكمەتەم ئىمروز،
كەشىيدە ئەز دەمى ئىشراق تىغ بورھانرا.

[قۇياشقا ئوخشاش مەن شەرقنىڭ پادىشاھىمەن. مېنىڭ ئىلىم-ھېكمىتىم بۇ كۈندە جاھاننى يورۇتقان قۇياشتەك، دەلىل-ئىسپات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇرماقتا.]

دەمىم بەكالبەدى فىزل جان دەمەد چۇ مەسىھ ،
ۋەلى زى مۇنكىرى دەججال دىلگە زەدجانىرا .

[مېنىڭ نەپسىم ئىلىمىنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ— ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش . لېكىن بۇنى ئىنكار قىلىدىغان دەججاللارنىڭ دىل-جانلىرىنى جاراھەت قىلىدۇ .]

فىگەن بەسۇيى سەۋادى ئىبارەتەن نەزەرى ،
كى بىنگەرى تەھى ھەر نوقتە سەد خۇراسانىرا .

[مېنىڭ سۇرگەن ئىبارەتلىرىمگە قاراپ باق ! ھەربىر نۇق- تىلىق ئىبارەتلىرىم تېگىدە يۈز خۇراسان①نى تاپىسەن .]

شو دەست بەسكى زى رەيھانىي مەئانى مەست ،
سەرىرى كىلكەم مانەندى نەشىدى مەستانىرا .

[قەلىمىم مەنالىرىنىڭ خۇشپۇراق شارابىدىن مەست بولغى- نى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئاۋازى مەستلەرنىڭ غەزىلىگە ئوخشايدۇ .]

تەجەللى ئەكنۇن پىرايەد ئەز خوموشى ساز ،

---

① خۇراسان— ئىراننىڭ مەشھۇر شەھىرى بولۇپ ، بۇ سۆزدىن شائىرنىڭ مەقسىتى : "مېنىڭ يازغىنىم- ئىراندىن چىققان مەشھۇر شائىرلاردىن ھەم پاساھەتتە ئارتۇق" دېمەكچى .

بەسەست ئىن قەدەر ئاۋىزە گۆشى كەيھانرا .

[ئەي تەجەللى ، ئەمدى خامۇشلۇقتىن بىسات ياسىغىن ، بۇ
ياۋايىلارنىڭ قۇلىقىغا مۇشۇنچە زىنىنەت ئاسقىنىڭمۇ يېتەر .]

## تەجەللىنىڭ ئىسمائىل ھاجىمغا يازغان خېتى[1]

كىرامى بەرادەر، جان بىرلە بابەر ئىسمائىل ھاجى جەنابلىرىغا، دەردمەن دوستلىرىنىڭ سەرگۈزەشت ھېكايەتى ۋە شىكايەتى

غەمخار دوستلاردىن كەلدى ماڭا ئىنايەت،
بىر جۈپتى بەدتەكەللۇم ئالۋاستى شەكلۇ سىيرەت.
ئۈچ كۈن تەھەممۇل ئەتتىم ئەھباب كوڭلىن ئىستەپ،
ھەر-كۈن چېكىپ موشەققەت ھەركېچە رەنجۇ كۈلپەت.
بۇ شۇمۇ نىجىس ئۈچ كۈن تۈشتى ماڭا ئۇتتۇز يىل،
يوق، يوقكى باشىم ئۈزرە ھەر سائىتى قىيامەت.
كوڭلۇم بولۇپ مۇكەددەر ئىشىم بولۇپ مۇنپەسەند،
ئاخىر بۇ كۈن قۇتۇلدۇم تەڭرىمغە شۈكر ۇمىننەت.
كەلتۇردى چەرخى ئەييار بىر جۈپتۇ تاق لەئىن؛
كىم جۈپتۇم ئۇلدى ئاندا ھەم تاق بولدى تاقەت.
گۇيا ئەزەل كۈنىدە بولمىش ئىدى مۇقەررەر،
ئىنسانغا خەير سۈپەتزىيىن شەيتانغا تەۋقى لەنەت.

---

[1] «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 2-سانىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە تارقىتىش
www.uyghurkitap.com



... ... ...

ناساز تائىمدىن قىسمەت ماڭا بۇ ئەردى ،
يوقسە مەھبۇبلىرىما رەھمەت ھازار رەھمەت .
خامۇش بول تەجەللى بىھۇدە قىلما نالە ،
گاھى ئۇتار مۇقەممەر① ، گاھ ئۇتتۇرۇپ بولار لەت .

① مۇقەممەر — ”قىمارۋاز“ مەنىسىدە .

## تەجەللىنىڭ مۇھەنغا قايتۇرغان شېئىري جاۋابى[1]

شائىر تەجەللى مۇھەننىڭ دوستلۇق خېتىگە نەزمە بىلەن مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ :

ئابى ھايات ئىچكەن كەبى مەستو قولىدىن ،
سېنىڭ شېرىن سۆزلىرىڭدىن تىرىلىپ كەتتىم .
فۇرقەت گويا تولا قەدەھ مەي ئۇزاتقاندەك ،
سېنىڭ لەتىپ مەكتۇبىڭنى بەردى ، سۆيۈندۈم .
فۇرقەت قەلبلەر تەبىبىدۇر دائىم ساق بولسۇن ،
خەت تاپشۇرۇپ بىرەلىدى دىللەرگە شىپا .
سەن ياخشى سۆز بۇلبۇلىسەن سايراۋەر مۇدام ،
بۇ ئالەمدە نەۋائىدەك بولۇپ قال يەكتا .

---

① نىمەتۇللا ئەبەيدۇللانىڭ «فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» دېگەن ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل . «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1983 -يىل 2 -سان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## شېئىرىي مەكتۇب①

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىي مەكتۇبىنى ئەنجانلىق ئىمادىدىن قارىم ساقلاپ كەلگەن. ئىمادىدىن قارىم "ئۇلفەت" تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان شائىر، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان پېشقەدەم تەتقىقاتچى. ئۇ 1906-يىلى ئەنجاندا تۇغۇلغان. ئۇلفەت ئەپەندى بۇ شېئىرىي مەكتۇبنى ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ، نەشرگە تەييارلىغۇچىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بىز ئۇلفەت ئەپەندىنىڭ بۇ خالىس قېرىنداشلىق ياردىمىدىن كۆپ مىننەتدارمىز.

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىي مەكتۇبى ئۇنىڭ ئوشتىكى دوستى سالاھىددىن مەۋلىۋىگە يېزىلغان. شائىر سالاھىددىن مەۋلىۋى "ساقىب" تەخەللۇسىدا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئاتىسى سىراجىددىن (تەخەللۇسى: سىراجى) مەخدۇممۇ شائىر كىشى بولۇپ، ئۇ شائىر ھۇۋەيدانىڭ نەۋرىسى ئىدى. سالاھىددىن ساقىب 1838-يىلى ئوشتا تۇغۇلغان. ھىجرىيىنىڭ 1280-يىلى (مىلادى 1863-يىللىرى) قەشقەرگە كەلگەن ۋە قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە ئون يىل تۇرۇپ، 1873-يىلى ئوشقا

① بۇلاق ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 3-سانىدىن ئېلىندى. نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

قايتىپ كەتكەن . 1910 -يىلى 11 -ئاينىڭ 13 -كۈنى ئۇشتا 72 يېشىدا ۋاپات بولۇپ ، سەرمازار مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان .

تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرىدىن ئۇنىڭ سالاھىددىن ساقىب بى-لەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىنى شۇنداقلا شائىرنىڭ ئۆزگە خاس تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىستېداتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

دەئۋاتۇ سەلامى ئەنبەر بار .
روھپەرۋەر نېچۇككى بادى بەھار .

[ئەنبەردەك خۇش پۇراق ۋە باھار شامىلىدەك يېقىملىق دۇئا سالاملارنى]

تۇرلۇك ئىخلاس ئىنكسارى بىلە ،
ئەيلەرەم ھەزرەت رەفىئە نىسار .

[ھەزرەت ئالىيلىرىغا پۈتۈن ئىخلاسىم ۋە تۆۋەنچىلىكىم بىلەن يوللايمەن .]

ھەزرەتى مەۋلەۋى سەلاھىددىن
كىم سەلاھ ئەھلىغە ئېرۇر سەردار .

[ھەزرىتى سالاھىددىن مەۋلەۋى ياخشى كىشىلەرنىڭ يولباشچىسىدۇر .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئول مەكارىم بېھىشتىگە رىزۋان ،
ئول مۇھەببەت شەرابىغە خەممار .

[ئۇ گۈزەل جەننەتنىڭ ھۆرى ۋە مۇھەببەت شارابىنىڭ ياسىغۇچىسى .]

ئول سائادەت تەرىقىغە ھادىي ،
ئول رىشادەت تەرىقىغە سالار .

[ئۇ بەخت يولىنىڭ رەھبىرى ۋە توغرا يولغا ماڭغۇچىلار-نىڭ يولباشچىسىدۇر .]

مەئرىفەت نەزمىغە نىزامى ئېرۇر ،
سىنەئى پاكى "مەخزەنۇل-ئەسرار" .

[ئۇ مەرىفەت شېئىرىيىتىنىڭ نىزامىسى ، ئۇنىڭ پاك قەل-بى "سىرلارنىڭ خەزىنىسى"دۇر .]

ئەھلى كەشفى قۇلۇبى خۇسرەۋى ئول
كىم ئېرۇر كۆڭلى "مەتلەئۇل-ئەنۋار" .

[ئۇ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئاچقۇچىلارنىڭ خۇسرەۋ دېھلەۋى-سى . ئۇنىڭ قەلبى "نۇر مەنبەسى"دۇر .]

ئەھلى ئەزۋاقە جامىي ئولدۇركىم
نامەسى كەلدى "تۆھفەتۇل ئەھرار" .

[ئۇ زەۋق ئەھلىنىڭ جامىيسى ، ئۇنىڭ خەتلىرى "ئالىيجانابلار سوۋغىسى" دۇر .]

نامەئىكىم تەجەللى ئەشكىدىن ،
ئەلگە كۆرسەتدى «سۇبھەتۇل-ئەبرار» .

[تەجەللى كۆز ياشلىرى بىلەن ئەلگە «ياخشىلار سۇبھىسى» كىتابىنى كۆرسەتتى .]

كاغەز ئىچرە رۇقۇم ئەمەسكىم ، ئېرۇر ،
نەستەرىن بەرگى ئىچرە مۇشك تاتار .

[ئۇنىڭ يازغانلىرى قەغەز ئۈستىدىكى خەت بولماستىن ، بەلكى ئاپئاق گۈل بەرگى ئۈستىگە سېپىلگەن تاتار ئىپارىدۇر .]

ھېچ سىيمىن بەدەن سەنەم يۈزىگە ،
تۇشمەدى بويلە تۇررەئى تەررار .

[ھېچبىر كۈمۈش تەنلىك سەنەمنىڭ چېھرىسىگە بۇنداق پاكىز كوكۇلا چۈشمىگەن بولغىيدى .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېردى سەربەستە شىشەئى سەھبا ،
چۇن ئاچىلدى ، ئاچىلدى بىر گۈلزار .

[ئۇ خۇددى ئاغزى ئېتىك بىر شىشە پاك مەي ئىدى ، ئۇ ئېچىلىش بىلەنلا بىر گۈلزار ئېچىلغاندەك بولدى .]

گۈللارى سەدھەزار ، ھەر گۈل ئۇزە ،
چېكىبان بىر گۈل نەۋائى ھەزار .

[ۋە ھەربىر خەت يۈزمىڭ گۈلدەك ، ھەربىر گۈل مىڭلارچە ناۋا قىلدى .]

ئول شارابى تەھۇر نەشئەسىدىن ،
بولدى تەبئىم دۇرۇست ، سىندى خۇمار .

[ئۇ پاكىز مەينىڭ شادلىقىدىن ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ ، خۇمارىم بېسىلدى .]

تۇرفە بىر شور سالدى ھال ئارا كىم
ئۇيقۇدىن بولدى شەۋقلەر بىيدار .

[ئۇ خەت كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر تىنچسىزلىق پەيدا قىلدىكى ، زوق-شوخلىرىم ئۇيقۇدىن ئويغاندى .]

ئەيلەدىڭ جۇرئەيى ئىنايەت ئىلە ،
ساقىيا ، تەشنە خاكنى سەر شار .

[سەن بۇ مەرھەمەت شارابىنى ئىچۈرۈپ ، مەندەك تەشنا بولغان تۇپراقنى سۇغاردىڭ .]

ماگا بۇ ئىلتىفاتى بەرق ياروب ،
بەيت مەئمۇر بولدى كۈلبەئى تار .

[ماگا بۇ ئىلتىپات چاقمىقى چېقىلغاندىن كېيىن ، تار تەڭ-قىس كەپەممۇ پاراۋان قەسىردەك بولۇپ كەتتى .]

ئاگلا ئەرزىمنى لۇتفى سەمئى بىلە ،
ئەي سەداقەت دىسارۇ سىدقى شىئار .

[ئەي ساداقەتلىك ۋە راستلىقنى شوئار قىلغان كىشى ، مېنىڭ ئەرزىمنى ئىلتىپات قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلا .]

خەت يىبەردىم نىچە جەۋابى يوق ،
دەپ يازىپسەن خەتىڭدە ، ئەي دىلدار .

[ئەي دوستۇم ! خېتىڭدە : "نەچچە قېتىم خەت ئەۋەتتىم ، لېكىن سەن جاۋاب يازمىدىڭ" دەپ يېزىپسەن .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆرمەگەن تۈشكە كىم قىلار تەبىر ،
تەگمەگەن خەتكە كىم جەۋاب يازار .

[كۆرمىگەن چۈشكە كىممۇ تەبىر بەرسۇن ، تەگمىگەن خەت-
كە كىممۇ جاۋاب يازسۇن .]

يەنە دەپسەن ماڭا جەفا قىلدىڭ ،
بۇ سۆزۈڭدۈر جەفا ، قىل ئىستىغفار .

[يەنە ماڭا جاپا قىلدىڭ دەپ يېزىپسەن ، بۇ سۆزۈڭ ماڭا
جاپا بولۇپ قالدى ، تۆۋا قىلغىن .]

مېھرى رەخشانغە زەررە تەئسىرىن ،
باۋەر ئەتكەي قاچان ئۈلۈلئەبسار .

[ئۆتكۈر كۆزلۈك كىشىلەر ، چاراقلاپ تۇرغان قۇياشقا زەر-
رىچىلەرنىڭ تەسىر يەتكۈزەلىشىگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن ؟]

ئىپتىداده سەرابدىن نې رەۋا ،
قۇلزومى بىگىران سارى ئىزھار .

[بىپايان دېڭىزغا ئالدى بىلەن ئالقۇنىنىڭ سۆز ئىزھار
قىلىشى قانداقمۇ راۋا بولسۇن ؟]

لۇتق ئەۋۋەل كېرەك سۆلەيماندىن ،
سۆڭرە مۆرى زەئىفدىن گۇفتار .

[ ئالدى بىلەن سۇلايمان پادشاھ ئىلتىپات قىلسا ، ئاجىز چۈمۈلە ئۇندىن كېيىن جاۋاب بەرسە يوللۇق بولىدۇ .]

ساڭا ئوخشالار زەيدۇ ، خالىدۇ بەكر ،
بازە ئوخشارمۇ غازۇ كوفرۇڭ سار .

[ زەيد ، خالىد ، بەكىرلەرگە ئوخشايسەن . غاز ، ئۆردەك ، سار قانداقمۇ قارچۇغىغا ئوخشىسۇن .]

مىڭ سېغىزخانۇ مۇرغى زەررىندىن ،
قەدرۇ قىيمەتتە ياخشى بىر شۇڭقار .

[ مىڭ سېغىزغان ياكى ئالتۇن توخۇدىن بىر شۇڭقارنىڭ قەدر-قىممىتى ئارتۇق .]

مېنى ئول جىلۋەگاھە چىرلاپسەن ،
ۋەھ ، نې خۇشدۇر بىشارەتى دىيدار .

[ مېنى ئۇ جىلۋىگاھقا تەكلىپ قىپسەن ، ۋاھ ، دىدار كۆرۈ-شۈشنىڭ بېشارىتى نېمىدېگەن ياخشى !]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لېك ئاۋارەمەن قۇيۇن ئاسا ،
ۋادەئى ھەيرەت ئىچرە لەيلۇ نەھار .

[لېكىن مەن ھەيرانلىق ۋادىسىدا كېچە-كۈندۈز قۇيۇندەك چۆرگىلەپ يۈرگەن ئادەممەن.]

دام ئارا مۇرغى پۇر فىشان يەڭلىغ ،
تۇرفە مەجبۇرۇ بولئەجەب مۇختار .

[خۇددى تۇزاقتا چۈشۈپ قېلىپ ، تۈكلىرى تۇزۇپ كەتكەن قۇشقا ئوخشاش ، ئىختىيارىم ئۆزۈمدە ئەمەس . بۇ قانداق ئەر-كىنلىك-ھە؟]

چىرماشىب مۇندا يۇرمەكىم ناخۇش ،
ئۇزۇلۇب ئاندا بارماقىم دۇشۋار .

[بۇ يەردە يۈرگەن- تۇرغانلىرىمدىن كۆڭلۈم خۇش بولمى-سىمۇ ، بۇ يەردىن ئۈزۈلۈپ ئۇ يەرگە بارمىقىم قىيىن.]

يەنە تەئرىخى ئەقدى گۇھەردەك ،
ھەسىب فەرمانىڭ ئەيلەدىم شەھۋار .

[شۇنداقتىمۇ شاھانە كۆرسەتمەڭنى خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈل-

گەن گۆھەردەك قىلىپ ،تارىخنامىگەيېزىپ قويدۇم .]

نەزم بولمىشدۇر ئىبارەتىدە ،
نى ئۈچۈنكىم نەزاكەتى بىسيار .

[سۆز ئارىسىغا تىزىپ قويغان شېئىرلىرىڭمۇ شۇنداق نەپىس
ۋە نازاكەتلىك چىقىپتۇ .]

يۈز سۆمى ياخشى ئات مەنى مەديۈن ،
دەپ يازىپسەنكى ھىممەتىڭ زەخخار .

[دېڭىزدەك ھىممىتىڭ جۇش ئۇرۇپ : "تۈياقلىرى ياخشى
يۈز ئاتقا مەن كېپىللىك قىلىمەن" دەپ يېزىپسەن .]

دېدىلەر قىلماغىل ئاڭا تەئرىخ ،
مەن دېدىم : "ياخشى ئاتۇ يۈزى بار"

[باشقىلار ماڭا : "بۇ گەپنى تارىخنامىگە كىرگۈزمەڭ"
دېيىشتى ، لېكىن مەن "ياخشى ئاتتىن يۈزى بار" دېگەن سۆزنى
يازدىم .]

يەنە يازدىڭكى يادگار ئەتدىم ،
سەڭا بىر تون ، زىھى ئىنايەتى يار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[خېتىمگە دە يەنە : "ساڭا بىر تون يادىكار قىلىپ ئەۋەتكەندىم—" دەپ يېزىپسەن ، بۇ دوستلۇقنىڭ نەقەدەر زور ئىلتىپاتى–هە ؟]

يازغىل ئول تون نىشانلارىدىنكىم
تاپىپ ئالغايمەن ، ئەي سەخا ئەتۋار .

[ئەي ساخاۋەت ئىگىسى ، ئۇ تونىنىڭ بەلگىلىرىنى بايان قىلغىن ، بىلىپ قالاي .]

ئاقمۇ ياشىلمۇ يا قاراۋۇ سارىغ ،
چىتمۇ ، لەمبوقمۇ ياكى روفىش تەۋار .

[ئۇ تون ئاقمۇ ، يېشىلمۇ ، قارىمۇ ياكى سېرىقمۇ ؟ چىتمۇ ، لەمبوقمۇ ؟ ئەستىرى تاۋارمۇ ؟]

ئاڭا هامىلمۇ مەردى سوفىلارىڭ ،
يا مەقامىمۇ مەست يا هوشيار .

[ئۇ تونىنى سوفىلىرىڭ كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ ؟ ئۇلار مەنزىللىرىگە يەتكەنمۇ ياكى مەست-مۇستەغرەقمۇ ۋەياكى هوشيارمۇ ؟]

يەر يۈزىدە مەقامى بارمۇ ئانىڭ ،
يا فەلەك مەھدىدە تۇتارمۇ قەرار .

[ئۇ تونىنىڭ يەر يۈزىدە دەرىجىسى بارمۇ ياكى پەلەكنىڭ بۆشۈكىدە ئورۇنلاشقانمۇ؟]

لېكىن ئول سۆزگە ئەيلەدىم باۋەر،
ئەھلى مەئنى سۆزى ئەمەس بىكار.

[لېكىن مەن ئۇ سۆزۈڭگە ئىشەندىم، چۈنكى ئاقىل كىشى-لەر ئورۇنسىز گەپ قىلمايدۇ.]

توندىن ئولغاي مۇرادى مەكتۇبىڭ،
كىم ماڭا ئول ئېرۇر لىباسى فىخار.

[خەت يېزىشتىكى مەقسىتىڭ تونىنىڭ گېپىنى قىلىش ئۇ-چۇن بولىدىغان بولسا، بۇ خېتىڭنىڭ ئۆزىلا مەن ئۇچۇن پەخىر-لىك كىيىمدۇر.]

يەنە بىر ۋاجىبۇل-بەيان ئەرزىم،
ساڭا بار، ئاڭلا، ئەي فەھى نىگار.

[ساڭا يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم ئەرزىمنى بايان قىلىمەن، ئەي ئەقىللىق دوستۇم، ئاڭلاپ تۇر.]

يازما نامىمنى ناقىس، ئەي كامىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



لەقەبۇ نىسبەتىمنى قىل ئاڭا يار .

[سەن ئۆزۈڭ مۆكەممەل ئادەم بولغاندىن كېيىن ، ماڭا خەت يازغاندا مېنىڭ نامىمنى چالا-چولتا يازمىغىن ، خەتكە مېنىڭ نام-نەسەبىم ۋە تەخەللۇسۇمنى قوشۇپ يازغىن .]

سېنى مەن ھەم پەقەت "سەلاھ" دېسەم ،
سالىھ ئۇلغاي ۋەلى بولۇر ئازار .

[مەنمۇ سېنى پەقەت "سالاھ" ، ياكى "سالىھ" دەپلا يازسام ، بۇ ساڭا ئازار بولىدۇ .]

قىلماغىل ھەم شۇجو سۆزۈمگە نىگاھ ،
نىسبەتۇ ئىفتىلاۋۇ ، ئىستىكبار .

[ئۇنداق دېسەم سەن مېنى : "ئۆزىنىڭ نىسبىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى پەش قىلىدىغان تەكەببۇر كىشىكەن" دەپ قالمىغىن .]

كىبرۇ پىندارۇ نەخۋەت ئۇلدۇركىم ،
كىشى ئىززەت ئېلىنى كۆرگەي خار .

[ئەزىز كىشىلەرنى خار كۆرگۈچىلەرنىلا تەكەببۇر ، مەنمەنچى دېيىشكە بولىدۇ .]

يوقكى ھەق سۆزنى ئەرز ئېتىب قىلغاي،
ياردىن دەفئ ئەيب، ئۆزدىن ئار.

[لېكىن ھەق سۆزنى سۆزلەپ چۈشەندۈرسە، دوستلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرى ۋە ئۆزىنىڭ خىجىلچىلىقى يۇيۇلۇپ كېتە-دۇ.]

ھەرف رىندانە مەركەبىن سۈرسەم،
ۋەزئى تۈركانەدۇر ئاڭا مىزمار.

[شوخ ھەرپ تۇلپارلىرىنى چاپتۇرغىنىمدا، ئۇنىڭ مەيدان-دىكى ھەرىكەتلىرى تۈركلەرچە چەبدەس بولىدۇ.]

سېنى ئەنفاسىڭ، ئەي مەسىھ، ئەتمىش،
ناتىقىم قۇشلارىنى مۇسىقار.

[ئەي ئەيسادەك خۇش نەپەسلىك دوستۇم، سېنىڭ شېرىن تىنىقىڭ مېنىڭ نۇتۇق قۇشلىرىمنى خۇددى مۇزىكا چالغاندەك سايرىتىۋەتتى.]

سۈرمەگۈنچە نەفەسلەرىن نەيئى،
تىرىلىپ باڭ ئەيلەمەس مىزمار.

[ئەگەر ئۇ نەي بولمىسا، ھەرقانچە پۈۋلىگەن بىلەنمۇ تومۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇمۇردىن ئاۋاز چىقمايدۇ .]

زەررە قىلماس جەھانغە نەززارە ،
تاپماسا ئافتابىدىن ئىنزار .

[ئەگەر قۇياش چىقمىسا ، زەررىچىلەر جاھانغا كۆز ئاچال-
مايدۇ .]

تا جەھان بار ، جەھاندە بولغايسەن ،
ئىززەت ئەھلىدە ئافتاب ئاسار .

[تاكى بۇ جاھان مەۋجۇت بولىدىكەن ، سەنمۇ خۇددى قۇياش-
تەك ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ مەۋجۇت بولغايسەن .]

خاتىرە رەۋشەنىڭ سىجەنجەلىدىن ،
ۋەجھى باقىيگە بولغىل ئايىنەدار .

[سېنىڭ روشەن كۆڭۈل ئەيىنىكىڭ ئەبەدىيلىك يۈزلىرىگە
قارىسۇن .]

ھەرزەتىڭ ئەلگە قىبلە تۇل-ھاجات ،
نېئمەتىڭ زەمزەم ، سىغارۇ كىبار .

[سەن ھاجەتمەنلەرنىڭ قىبلىگاھىسەن . سېنىڭ نېمىتىڭ

ئۇلۇغ-ئۇششاقلارنىڭ ھەممىسىگە زەمزەمدۇر.]

خەت جەۋابىن ئۇزاقتا تاشلاماغىل،
قىلما مۇنداغ جەفا مەڭا زىنھار.

[خەتنىڭ جاۋابىنى ئۇزاق سوزۇۋەتمە، ماڭا ھەرگىز ئۇنداق جاپانى قىلما.]

نار ئىرۇر ئىنتىزار بىلسە كىشى،
ۋەقىنا رەببەنا ئەزابىننار.

[ئىنتىزارلىق دېگەن كىشىگە بەئەينى ئوتتۇر. ئەي خۇدا! دوزاخ ئوتىنىڭ ئازابىدىن پاناھ بەرگەيسەن.]

ئىنتەھەل بەۋلۇ ۋەسسەلامۇ ئەلەيك،
ۋەئەلا مىن لەدەيكە مىن ئەخبار.

[ساڭا سالامەتلىك تىلەپ گېپىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، ساڭا مەندىن شۇنداق خەۋەر يەتكەي.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە①

(بۇ شېئىر قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ قايتا
تەئمىر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان)

چوبخد مەدرىسەئى خانلىق زىبىس مەۋسۇف ،
دەرىن زامان بەدرۇس ۋە زەبۇن سوست كەمەن .
ھەم سەككامۇھىت كەرەم ھۇسەيىن ئاخۇند ،
بەھار كۇلكىدە ئاب ۋە پەرىخۇي ھۇسەيىن .
جەلى بەرايى سەلىل جەلىل خەيرىلھاج .
سەمى مۇسى ئومران سەمىرو سەير فەتەن .
نىكەرد مەدرىسە بىل قەسرىدىن بىكەردە بەدۇ .
ۋەزان نەمۇدە بەنا دەرجىنان يىخود مەسكەن .

[خانلىق مەدرىسەسى ئۇزۇندىن بىرى كونىرىغان بولۇپ ، خاراب ۋە يىقىلىش ھالىدا ئىدى . ھىممەت تەبىئەتلىك ۋە ساخاۋەت دېڭىزى بولغان ھۇسەيىنئاخۇن ، ياخشى ئەخلاق ۋە ئوبدان ئىشلارنىڭ باھارى ۋە ھاجىلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسا-

① بۇ شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى ئەسلى ئىملا بويىچە بولغاندا ئەبجەد ھېسابى بويىچە 1312 دېگەن ھىجرىيە يىلى چىقىدۇ .

لامنىڭ ھەمنامىنىڭ پەرزەنتى بولغان ھۆسەيىنئاخۇن پەقەت بىر مەدرىسەلا ئەمەس بەلكى دىن ئۈچۈن بىر قەسىر ياسىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە جەننەتتىن ئورۇن ۋە تۇرالغۇ بىنا قىلدى.]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تەجەللىنىڭ ئىسمائىل ھاجىمغا يازغان سالام خېتى

ساقى مەيى لەئلى رەڭ كەلتۈر ،
غەم شىشەسى ئۈزرە سەڭ كەلتۈر .
تۇت جامى مەيى جاھان نىمانى ،
جەم قىل مەنى ئاشىقۇ كەدانى .
مەي تۇتكى زەمانە شادىماندۇر ،
دەۋرانى ئەمىرى كامىراندۇر .
دۇر تۇرفە خۇش ۋە خۇجەستە ئەھدى ،
ئادەمۇ ئەمانۇ ئەيش مۇھتەدى .
ئەھدىدە ئولۇپ زەمانە بىغەم ،
سەھرا خۇشۇ شەھىرى شادۇخۇرەم .
تەبئى بەرىبان سەفادىن ئەيمىن ،
شەھىرى ئولدى نىگارخانەئى چىن .
ئىنسابىدىن ئاچىلىپ گۈللەر ،
گوياكى كۈلۈپ چەمەندە گۈللەر .
دۇر ھۆكمىغە بارچە خەلق مەيلى ،
ئۇل نەئكە قايسە مەيلى لەيلى .
فەرمانىدىن ئولكەچكە باشىن ،
فەرمانى قەزا قىلۇر تىلا شىن .

مەنشۇرى قىزا ئىرۇر مىسالى .
ۋاجىب پەلەك ئۆزرە ئىمتىسالى .
قىلمىش ئاڭا ھەق بېلىپ ئىنايەت .
تامغاي لەياقىتى ۋىلايەت .
ئىلكىدە ئىنىڭ مەفاتىھى جۇد .
ئەدلىدىن ئانىڭ ۋۇجۇد خۇشنۇد .
ئالەم ئۆزرە مېھرى ئەبرى نىسان ،
جان بەخش سۆزىدۇر ئابى ھەيۋان .
لۇتفىدىن ئىرۇر جەھاندا ھەردەم ،
ھەر دۇردەدۇر ئۆزخامە ھەردەم .
ھاكىم كۆ(ر) كى ئەھلى ئەقىل ۋە ئىدراك ،
ئەفئالى دۇرۇست نىييەتى پاك .
كەم بولماسە ئەۋنى ناتىۋانغە ،
كۆپ بولسا سىياسەتى يامانغە .
بولسا ئاڭا بارچە ئىشتا يادەر .
دەستۇۋرى شەرىئەتى پەيغەمبەر .
ۋە ئەلەيكە زەمان ئەمرى ئەئزەم .
بۇ بارچە سىفەتدەدۇر مۇسەللەم .
بۇ شەھ بولۇبان سىتۇدە نىييەت .
ئاسۇدەلىك ئىچرە دۇر ئەيىيمەت .
ئەربابى مۇناسىبە ئەمىندۇر .
ئەسھابى ئالۇمە ھەم مەئىندۇر .
ئۇلدۇر زەفەر ئىلە ساھىبى پەر .
پەرخۇندە ۋۇ پەرساغۇ مۇزەپپەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوقتۇر كىشىغە ئانىڭدىن ئازار ،
دۇر ئەدلى ئىلە ھۆكمى كەرەم بازار ،
مەيدانى كەرەمدە فارس ئولدۇر .
ھىممەتدا ئەبۇلفەۋارىس ئولدۇر .
ھۆكمى ئىچرە ئىسكەندەرى زەمانە .
ھېكمەتتە ئەرەستۇ ئى يىگانە .
ئىشراق ئارا ئەقلى ئەين شارق .
مىسباھى مۇغارىبقۇ مەشارق .
. . .دۇر ئىسمىدە تۆرت ھەرۇپ نامى .
ئەركانى جاھان كەبى كەرامى .
مۇلوك ئەفرى ئورنىدە تۆرت گەۋھەر .
تەبىر تىنىدە تۆرت ئەناسەر .
ئەۋۋەلقىسى ئەقل ئىبتىداسى .
ئىككۈنجىسى ئەرش ئىنتىھاسى .
نىسفى يەنادادۇدىن خەتىدۇر .
كىم نۇر ئىلە شەرئى ئۇستىدۇر .
يارەبىيكە بۇ شاھى دەدكەرنى .
خۇرشىدە جەھانى كەررۇ پەرنى .
بەرگىل ئاڭا بارچە ئارزۇلار .
ئايەتى جوپتى زەمىن نە بىلەن ئەدۇلار .
ئەدلى ئىلە يارات جەمالىغە نۇر .
قىل رەئەيتۇ شەرئى بىرلە مەنسۇر .
قىل ئەقلدا روھ قۇددۇس پايە .
ئەھلى شەرەپ ئۇزرە ئىش سايە .

راھەت چىمەنىدە شادىمان قىل .
دەۋلەت ۋەتەنىدە كامران قىل .
بۇ باغنى ھەم ئاڭا ئالىھى ،
قىل يۈمەن ئەيلە ئەيش بارگاھى .
بۇ قەسىرىگە دۇر بىھىشت ئەئىيىن .
خۇش مەنزىر ۋە تازە تەرھى ۋەرەكىن .
كەردۇن كەبى پايەسى مۇئەللا .
كۆز كەۋكەبى سايەسى مۇجەللا .
دۇرمەردمەك ئۇل يەلەك كۆزىدە .
فىردۇسى بىرىن بۇ يەر يۈزىدە .
توققۇز كونبۇد باشىدا كەردان .
سەككىز گۈلشەن ئىچىدە مىھمان .
يۈزرەڭ باھارىڭىز ئاراسىدا .
ئارام ۋە فەراغەت ئوتراسىدا .
تارىخنى ئەيتبان تەجەللى .
چۈن خاتىرى ئەيلەدى تەئەللى
قىل دۆلەتۇ ئىززىتىن مۇئەببەد .
پەزلى ئىلە مۇجەررەت .
يارەببەكە بۇ شەنى ئەئىلاھ(رۇز)
ئىشرەت بىلەن كامكار ۋە فەيرۇز .
رىزۋان دىدى ئەي ھورىن خۇشدىل ،
ئىشرەتگەھى شەئىبان رەقەم قىل .
مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە ئالائالىھى ۋە ئەسھا-
بىھى ئەجمەئىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ھىجرىيە 1300
قالە ھەل فەقىر ۋۇل ھەقىر ۋۇددائى ئەقلىس سەقەلەينىن
سەييىد ئەۋلادى ھۈسەينۇت تەجەللىيۇل مۇجەللىيۇد
دىھلىۋى .
خەسسەسەھوللاھۇل قەۋيىيى بۇكەرد مەھۇل سورۇرىرۇ
لەتىفەھۇل مەئنىۋى . ئامىن .

---

شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى ھىجرىيە 1300 -يىلى (مىلادى 1880 -يىللار ) ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا ئىسمىسلا كەنتىدىكى شائىر ۋە خەتتات دوستى ئىسمائىل ھاجىمغا ئۇيغۇر يېزىقىدا ، شېئىرىي تىل بىلەن 100 كۇپلېتلىق سالام خەت يازغان . خەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر ، خەتتە ۋەتەننى كۆي- لەش ، ئۆز يۇرتىنى ، دوست-بۇرادەرلىرىنى سېغىنىش ھېسسى- ياتى مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ "بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" دىن باشلاپ بەش جۈملىلىك ئايەت بىلەن باشلانغان .

تەجەللى خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىمزاسىنى قويۇپ "يۇقىرىقى سۆزلەرنى پېقىر ئىشەنچلىك كىشى ھۈسەيىن تەجەللى- مۇجەللى دېھلىدا دېدىم . ئاللا ئۇنى ھۆرمەتلىك سۆزلەر بىلەن خاسلاندۇر- غاندۇر . ئامىن ! ھىجرىيە 1300 -يىلى" دەپ ئەرەبچە خاتىمە يازغان .

شائىر ھەم خەتتات ئىسمائىل ھاجىم ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا قاغىلىقتا بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋاقتىدا شائىر تەجەللى بى-

لەن تونۇشۇپ قالغان ھەمدە داۋاملىق ئىزدىشىپ تۇرغان. ئۇ-زۇن ئۆتمەي تەجەللى ھىندىستانغا ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن. ئىسمائىل ھاجىم ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بىر يىلدىن كېيىن تەجەللىدىن خەت كەلگەن. ئىسمائىل ھاجىمۇ جاۋاب خەت يې-زىپ، ھىندىستانغا چىقىدىغان سودىگەرلەردىن تەجەللىگە ئەۋەتكەن.

ئىسمائىل ھاجىم 1950-يىلى 8-ئايدا سەكرات ۋاقتىدا يې-قىن دوستى توختىنىياز ئاخۇنۇمغا تەجەللى ئەۋەتكەن سالام خەت بىلەن بىر دانە قۇرئاننى تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇنى چىڭ ساق-لاپ، تەجەللى ھەم ئۆزى ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. 1980-يىلى توختىنىياز ئاخۇنۇم خەت ھەققىدە ئوغلى ئۆمەر توختىنىيازغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆت-كەن. ھازىر بۇ خەت (ئەينى نۇسخىسى) قوشتاغ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەر توختىنى-يازنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تەجەللىنىڭ ئابدۇقادىر داموللام تۈزگەن «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئەدەبنىڭ ئاچقۇچى) ناملىق ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى

## بىرىنچى بابتىكى شېئىرلىرى

ۋەما كانە كۆسىرۈن لىل-لەئىمى بىزائىبى .
كەما لەيسە قۇللۇن لىل-كەرىمى بىئائىبى .

[كەمبەغەللىك ئېسىل كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەيىب بولال-
مايدۇ ، شۇنداقلا باياشاتلىق پەسكەشلەر ئۈچۈن شەرەپ
بولالمايدۇ .]

غىنەل قەلبى ئىندەل-ئارىفىنە ھۇۋەل-غىنا ،
ۋەزالىكە كەنزۈن قەۋنەھۇ ئەلفۇ راسىبى ،

[ھەقىقەتنى تونۇغانلارنىڭ نەزىرىدە قەلب بايلىقى ھەقىقىي
بايلىقتۇر ، ئەنە شۇ دىلنىڭ بايلىقى ئۈستىنى مىڭلارچە تاغ
بېسىپ تۇرغان چوڭ بىر كاندۇر .]

ۋەخەيرۇل-ۋەرىيە مەن كانە يەنفەئۇ لىل-ۋەرىيە ،
بىكەففەل-ئەزا ئەنھۇمۇ خەككىل-مەۋاھىبى .

[كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئادەملەردۇر ، مىسكىنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇلار ئۈچۈن خۇشاللىقتۇر .]

## ئىككىنچى بابتىكى شېئىرلىرى

ئەخىللائى زورۇسسالامۇ ئەلەيكۇم ،
ۋەما زىلتۇ مۇشتاقەن ئەختۇئىلەيكۇم .

[ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئاپئاق قېرىنداشلىرىم ! مەن قايغۇ ئىچىدە يىغلاپ سىلەرنى سېغىنىپ كەلمەكتىمەن .]

ۋەما ئىندىيەل قەلبۇللەزى كانە ساھىبى ،
ۋەلەكىننا ھۇمۇن غىبتۇ ئەنكۇم لەدەيكۇم .

[ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان قەلب ھازىر مەندە يوق ، لېكىن ، ئۇ سىلەردىن ئايرىلغىنىمدىن بۇيان سىلەرنىڭ ھوزۇرىڭلاردادۇر .]

لەئىن كۇنتۇ بىل جۇسمانى ئەنكۇم ئەلا نەۋىيە بەئىد ،
پەرۇھى بىزاكەل قۇربى بەينە يەدەيكۇم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[ ئاللاغا قەسەمكى سىلەردىن يىراقلاشقاندىن كېيىن ، تىنىم ئۆز جايىدا تۇرغان بولسىمۇ ، مېنىڭ روھىم ئەنە شۇ يېقىنلىق سەۋەبىدىن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىدۇر .]

ماھاسىنكۇم فى لەۋھى زىكرى رەقائىمۇ ،
فەلەل ئۇنسە ئۇنساھۇ ۋەلا رەقمەتەيكۇم .

[ سىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىڭلار مېنىڭ ئەسلەش خاتىرەمگە يېزىلغان . مەن دوستلۇقىمىزنى ۋە سىلەرنىڭ( ئاستىن ئاتۇش ۋە ئۈستۈن ئاتۇشتىن ئىبارەت) ئىككى باغچاڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن .]

ھىزارە تۇكۇم ۋەلبەدۇ ۋۇ سىيانى نەدۋەتەن ،
ۋەخىبەن فەما ئەبھاقەرىيا قەرىيەتەيكۇم .

[ سىلەرنىڭ شەھىرىڭلار ۋە يېزاڭلار سۆھبەتداشلىق ۋە پا-راۋانلىقتا باراۋەر ئىكەن . بۇ ئىككى يېزاڭلارنىڭ مېھماندارچە-لىقى نېمىدېگەن ئېسىل-ھە !]

تەجەررەنە ئەز يالەل مۇرۇۋۋەتە ۋەلۋەفا ،
ۋە ياق سۇرۇرەيتۇن ناسى ئەنھۇللەتەيكۇم .

[ سىلەر ئادەمگەرچىلىك ۋە ۋاپادارلىقنىڭ پەشلىرىنى سۇ-

رۇۋاتىيسىلەر ، كىشىلەرنىڭ ئۆزۈن تونلىرى سىلەرنىڭ (ساخا-ۋەت ۋە ئىلىم مەرىپەتتىن ئىبارەت ) ئىككى تونۇڭلاردىن قىسقا كېلىۋاتىدۇ .]

ۋە ئەشكۇرۇ ھۆسنەلخۇلقى مىنكۇم ۋە ئىلمەكۇم ،
لەقەدكانە لىرىزقەن جەنا جەننەتەيكۇم .

[مەن سىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىڭلارغا ۋە بىلىمىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن . ئاللاغا قەسەمكى سىلەرنىڭ( گۈزەل ئەخلاق ۋە بىلىمدىن ئىبارەت) ئىككى باغچاڭلارنىڭ مېۋىسى ماڭا كۆپ رىسق بولدى .]

ھىبالۇن ۋە ئەريازۇن ۋە سۇبھۇن ۋە ئەنجۇمەن ،
فەئەنتۇم جەميئۇل خەلقى ئىندىيەۋەيكۇم .

[سىلەر شىجائەتتە تاغلار ، ئىلىم مەرىپەتتە باغلار ، ساخا-ۋەتتە بۇلۇتلار ۋە كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىشتە يۇلتۇز-لارغا ئوخشايسىلەر . ئېھ . . . ! قېرىنداشلىرىم ، شۇڭا سىلەر مېنىڭ نەزىرىمدە كىشىلەرنىڭ جەۋھىرى سىلەر .]

ئەجەددەمە دەي كەررىل ئەجەددەينى رۇببۇنا ،
ئەلەيكۇم بىرودەلپەزلى فى ئەبرەدەيكۇم .

[كېچە-كۈندۈز تەكرار تاپقان مۇددەتتە پەرۋەردىگارىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىلەرگە ئىككى سوغاق(ئەتىگەن ، ئاخشام) ۋاقتىڭلاردا پەزىلەت-
نىڭ تونلىرىنى كىيدۈرسۇن .]

ۋە دۈمتۇم كاما رۇمىيتۇم ۋەلازال ۋەفىدەن ،
سانائۇل مۇجەللى ۋە سالامۇ ئەلەيكۇم .

[سىلەر ئارزۇ قىلغىنىڭلاردەك ياشىغايسىلەر ، تەجەللىنىڭ
مەدھىيە ھەم سالامى سىلەرگە داۋاملىق يېتىپ تۇرغاي .]

## تۆتىنچى بابتىكى شېئىرلىرى

فەئىنلەم تەئرىفنى فەئرىفەينى ،
ئەنا ئىبنۇ مۇجەللىل ھەللە بىتەينى .

[(سۆيۈملۈكۈم ، سۆئادا ) مېنى تونۇمىغان بولسىڭىز ،
ئەمدى تونۇپ قويۇڭ ، مەن بولسام ئىش-ئىزلىرى روشەن زات-
نىڭ ئىككى قېتىملىق مۇسابىقە مەيدانىدا بىرىنچىلىككە ئېرىش-
كەن ئوغۇلدۇرمەن .]

فەئىن لەنا لەبەيتەن مىن ئەلائىن ،
ۋەبەيتەن مىن ھۇدەن موستەشرىغەينى .

[شەكسىزكى ، بىزنىڭ يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ھەققانىيەتتىن
پۈتۈپ چىققان ناھايىتى ئېگىز ئىككى ئۆيىمىز بار .]

زەۋى شەرىپ قىتتىۋالنى كەلىشە ۋالى ،
مىنەششەرەفىل بەئىدە لىفايىسەتەينى .

[ (ئۇ ئۆيلەرنىڭ ) پارقىراق ، ئۇزۇن نەيزىلەرگە ئوخشاش ئىككى تەرىپى كەڭ ، ئېگىز پۈتكۈن دەرىزىلىرى بار .]

مۇفەرر شىلىماب بىمەكرۇماتىن ،
ۋە بىلمەمىل ئەلىييەتى مۇئىمەدەينى .

[سەينالىرىغا مۇستەھكەم ئالىي ھىممەتلەر ۋە ساخاۋەتلەر-دىن بىسات سېلىنغان .]

ۋەئىننە مىنەن نەدى بىمائويۇنەن ،
ۋە مىن بۇسىرا ۋە يۇسراجەننەتەينى .

[بۇ ئىككى ئۆيدە ھەقىقەتەن خەيرى ئېھساننىڭ بۇلاقلىرى ۋە خوش خەۋەر ئاسايىشلىقنىڭ ئىككى باغچىسى بار .]

شەمۇ ئۇدىريەتىن ۋە شۇمۇسۇسەۋدىن ،
تۇزىنۇ ھۇد ماخىلالەل كەررەتەينى .

[بىلىمنىڭ چىراغلىرى ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ قۇياشلىرى ئۇ ئۆيلەرنى كېچە-كۈندۈز زىننەتلەپ تۇرىدۇ .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بىھىيتانى لىل مەكارىمى قەد ئۇھىيتا ،
ئەلەل مەجدىل ئەسلى مۇئەسسەسەينى .

[ئۇ ئۆيلەر گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاملىرى بىلەن ئورالغان ،
مۇقىم شەرەپ ئۈستىگە ئۇل سېلىنغان .]

مۇرەففى ئىس سامائى بارىز ئىنىززىن ،
مەھابىتۇھا فۇۋەيقەل فەرقەدەينى .

[ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئاسمانلىرى ئىززەتنىڭ زېمىنىدا يۇقىرى
كۆتىرىلگەن بولۇپ ، ئۇ زېمىنىنىڭ تۇرار ئورنى فەرقىدان ناملىق
ئىككى يۇلتۇزنىڭ سەل ئۈستىدەدۇر .]

شەرەپنا كۇللەزى ئىلمىن ۋە ئىلمىن ،
ۋە فەۋقەنا كۇللوھۇن بىل مەنسەبەينى .

[مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان بولۇش ۋە ئىلىم مەرد-
پەتتە يۇقىرى بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى مەنسەپ ئارقىلىق
ھەرقانداق دانا ، بىلىملىك كىشىدىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ
غەلىبە قىلىپ كەلدۇق .]

فەلا يەستى ئۇزۇبەت شىن ھىمانا ،
ۋەلا تەئەلۇھۇ زاتۇ جۇننەتەھەينى .

[بىزنىڭ چېگرىمىزدىن ھەرقانداق كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئىگە-سىمۇ بۆسۈپ ئۆتەلمەيدۇ، ئۇچار قوشلارمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىپ بولالمايدۇ.]

ئەلەينا بۇردۇن مەجىددىن ھاشىمىن،
ۋە ئىززىن غالىبىيىن فاخىرەينى.

[ئۈستىمىزدە ھاشىم ۋە غالىب دېگەن بوۋىلىرىمىز قالدۇ-رۇپ كەتكەن ئىززەت ۋە شەرەپنىڭ تونلىرى بار.]

پەكانەت تۇلۇۋەتتۇلاجەمىئەن،
لەنا بىز يۇلىنا مۇتەشەببەينى.

[كۈچ-قۇدرەتتە ۋە ساخاۋەتلىك بىرلىكتە بىزنىڭ پەشلىرى-مىزگە ئېسىلىپ كەلدى.]

ۋە ئىننا ئىندەما بولەغەت قۇلۇبۇن،
ھەنا جىرەھا مىنەلقا شۇرەتەينى.

[شەكسىزكى، بىز ئىككى يىل يۈز بەرگەن قەھەتچىلىكتىن جانلار ھەلقۇمىغا يېتىپ قالغان چاغدا]

فەھەرنا كۇللە يەۋمىن لىل يانامى،

www.uyghurkitap.com



ۋە ئەھرارىن تەدامى مەررەتەينى .

[يېتىم ۋە ھۆر تەبىئەت سۆھبەتداشلارغا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم . . .]

خەلايا سەق-سەين ھومرەن ۋە بەيزەن ،
كە ئەلا ھىززۇبەيرەج ۋەل لۇجەينى .

[تۇزلەڭ يايلاقنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش تاغلىرىغا ئوخشاش قىزىل ، ئاق ئەركىن تۆگىلەرنى سۆيۈپ بەردۇق .]

كەئەننىنە خازۇھۇننەئەرسىزقەززەينى ،
ۋە غەززەششەھم مەندۇغۇلقۇتەينى .

[ئۇ تۆگىلەرنىڭ گۆشلىرى يىپەكتەك يۇمشاق ، ياغلىرى ئاتقان پاختىدەك ئىدى .]

ۋە فينا ئەنزەلەررەھمانى نۇرەن ،
بىروفىئەن دۇۋاھى زۇلمەتەينى .

[ناھايىتى شەپقەتلىك (تەڭرىمىز) ئاللا بىزنىڭ ھەققىمىزدە ئۇ ئارقىلىق ئاداۋەت بىلەن كۈپۈرنىڭ زۇلمىتىدىن قوتۇلدۇردى .]

زىلاھى خۇسۇمەتىنىۋە زەلامى كۇفرىن ،
فەئەدا زاھىقەتەينى مۇدا بىرەينى .

[ئىككى زۇلمەتنىڭ قارا باللىرى كۆتۈرۈۋېتىلگەن نۇرنى (قۇرئان) نازىل قىلدى . شۇڭا زۇلمەتلەر بەربات بولدى .]

قەد ئەرسەخنا ئەلا قۇلىل مەئالى ،
مىنەل بۇشرى ۋە نۇزرى رايەتەينى .

[بىز ئاللاقاچان ، ئېگىز چوققىلارغا خۇش خەۋەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئىككى بايرىقىنى قاداپ بولغان .]

سەلىنا ئەن جىنادىن سافىناتىن ،
ۋە ھەددىل مەشرەفەيتى ۋەررۇدەينى .

[ (سۆيۈملۈكۈم سوئاد ! ) بىزدىن ئۇچ پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ بىر پۇتىنى دەم ئالدۇرىدىغان ياخشى ئاتلارنى ، مەشرەپ ۋە رودەيتىنىڭ ئۆتكۈر قىلىچلىرىنى سوراڭ .]

ۋە ئىرشادنا بىبارەقتى كەنابىن ،
ۋە قەززلىبىن غۇئاتىل پەترەتەينى .

[بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



-سىدىكى ئىككى پەيغەمبەرسىزلىك دەۋرىنىڭ ئازغۇنلىرىنى يال-تىراپ تۇرغان كىتاب ۋە ئۆتكۈر قىلىچ ئارقىلىق توغرا يولغا باشلىدۇق .]

ھەدەينا ئەلا ياپە سەبەئدى ھامىن ،
ۋە سامىن جەددىنازىل بىھسەتەينى .

[ئىككى تىرىلىشكە مۇيەسسەر بولىدىغان بۇۋىمىز ھام ۋە سامىلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ياپەسنىڭ ئەھلى ئەۋلادىنى ھىدايەت قىلدۇق .]

فەئىدناھۇم ۋەقەدناھۇمجەمىئەن ،
بەدنىن ۋە ئىقتىدار سامىيەينى .

[بۇ يۈكسەك دىن ۋە كۈچ-قۇدرەت ئارقىلىق ئۇلارغا يولداشچى بولدۇق ۋە يېتەكلىدۇق .]

قەنەھنۇ ئۇسەرەتۇل ئەخساپى تۇررا ،
ۋە نەھنۇ قەرارەتۇن لىسەئادەتەينى .

[دېمەك ، بىز بارلىق شانۇ-شەرەپلەرنىڭ جەۋھىرىدۇرمىز . دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن مەنزىلدۇرمىز .]

## بەشىنجى بابتىكى شېئىرلىرى

قەدەيتوكە لاتورىد شەرمەن لىھەبلى ،
فەلايەمكو لىس-سەققىنى لەكەر-رۇكونو .

[سۆيۈملۈكۈم! سېنىڭ پىدايىڭ بولاي! ساڭا باغلانغان مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزۈۋېتىش نىيىتىدە بولما، سەن كېمە-لەرگە مايىل بولما.]

فەئىن تۇكو مىن رۇكوبىل-بەھرى تەبغى ،
ئەجائىبەل-لەتى فىھى تەكونو .

[ئەگەر دېڭىز ساياھىتىگە چىقىشتىكى غەرىزىڭ قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆرۈش بولسا، مېنىڭ ھالىمنى كۆرسەڭلا كۇ-پايە.]

فەئەجوبو مىن ئۇبابول- بەھرى دەمئى ،
ۋە ئەغرەبو مىن سەفائىن-ئۇيۇنو .

[مېنىڭ كۆز ياشلىرىم دېڭىزنىڭ قايناملىرىدىنمۇ قىزىقار-لىق قاينام، كۆزلىرىم دېڭىزنىڭ كېمىلىرىدىنمۇ ئاجايىپ-غارا-يىپ.]

فەتىلكەس-سۇفنو بەينەل-بەھرى تەجرى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋە ھازەل بەھرۇ مەجراھۇس-سەفنۇ .

[چۈنكى ، سەن چىقماقچى بولغان كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرى-سىدا ماڭىدۇ ، مېنىڭ ياشلىرىم دېڭىز بولسا ، كۆزلىرىم كېمە بولۇپ ئاقىدۇ .]

## سەككىزىنچى بابتىكى شېئىرلىرى

بەدەت تەلئەتۇس-ساقى ۋەفى يەدەھۇل-خەمرۇ ،
بەلىش-شەمسۇ قەدلاھەت ۋە مەتلەئۇھەل-بەدرۇ .

[شارابنىڭ ھەقىقىي ساقىيسى قولىدا مەي تۇتقان ھالدا چىقىپ كەلدى . قۇياش خۇددى تولۇن ئاينىڭ ئىچىدىن پارلىغان-دەك بولدى .]

سەقانى ئەلا زىكرىل-ھەبىبى ۋە رەبئىھى ،
فەيا ھەببەرەس-ساقى ۋەيا ھەببەرەل-خەمرۇ .

[ئۇ ساقىي ماڭا مەي بېرىۋاتقىنىدا ، ماڭا مەشۇقۇم بىلەن ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى ئەسلەتتى . ھەي-ھەي ، ئۇ نېمىدېگەن ئوب-دان ساقىي ، بۇ نېمىدېگەن بەلەن مەي-ھەي !]

رەھىقۇن ئەبىرۇل-ئۇنسى مىسكۇن ختامۇھا ،
ۋەنا جۇدۇھا نەفسى ۋەرائۇ قەھھەس-سىررۇ .

[ئۇ بولسا دوستلۇق پۇراپ تۇرىدىغان ساپ مەي بولۇپ، ئىپار بىلەن پىچەتلەنگەن. مەن ئۇ مەينىڭ قاچىسى، قەلبىم بولسا ئۇنىڭ سۈزگۈچىدۇر.]

سەخامىيەتۇن سەرفۇن ۋەراھۇن ئەتىقەتۇن،
بىھايە ئەتقۇل-ئانى ۋە يەنسەرەفۇز-زۇئرۇ.

[بۇ شۇ قەدەر پاك شارابكى، ئۇنىڭدىن ئەسىرلەر ئازادلىققا ئېرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلىدىن قورقۇنچ يوقايدۇ.]

ۋەلىل-قەلبى ھەسلاتۇن ۋەلىل-ئەينى قۇررەتۇن،
ۋەلىل-مەسمەئىل-بەشەرى ۋەلىل-مۇھجەتىل-قۇررۇ.

[ئۇ شاراب دىلغا تەسەللى، كۆزگە نۇر، قۇلاققا خۇش خەۋەر ۋە جانغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ.]

ئىزا ناشەھەن ناشى ۋە سۇرەتۇھاسىرەت،
بەدامىم-مەھيا ۋەجھىھىل-ئەنجۇمۇز-زۇھرۇ،

[كىمكى ئۇ شارابنى سۇمۇرسە ئۇنىڭ تەسىرى بەدەنگە تار-قىسا، شۇ كىشىنىڭ يۈزىدە نۇرلۇق يۇلتۇزلار پارلايدۇ.]

يەفۇقۇ سەناھا كۇللە بەرقىن ۋە كەۋكە بىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋەرىھۇ سەزاھا دۇنەھەل-مىسكۇۋەل-ئەترۇ .

[ئۇ شارابىنىڭ نۇرى ھەرقانداق چاقماق ۋە يۇلتۇزنى بېسىپ چۈشىدۇ ، ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ئىپار ياكى ئەتىردىنمۇ ئۇستۇن تۇرىدۇ .]

ۋەلەۋلاھە لىل-زۇھھادى نۇرۇ سەفائىھا ،
لەكانە لەھۇم مىۋ-ۋەسفىھەل-ۋىردۇ ۋەز-زىكرۇ .

[ئەگەر ئۇ شارابىنىڭ ساپ نۇرى زاھىدلارغا كۆرۈنسە ئىدى ،ئۇلارچوقۇم ئۇنى سۈپەتلەپ ۋىرد-زىكىرلارنىئېيتاتتى .]

ۋەلەۋ ۋەقئەت مىنھا ئەلەل-ئەرزى قەترەتۇن ،
فە تۇربانۇھا مىسكۇن ۋە سەففانۇھا دەررۇ .

[ئەگەر ئۇ شارابتىن يەرگە بىر تامچە ئېقىپ كەتسە ئىدى ، ئۇنىڭ تۇپرىقى ئىپارغا ، قورام تاشلىرى گۆھەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى .]

ۋەلەۋ قەببەلەل-بۇكمانۇ ئەيدى سۇقاتۇھا ،
لانۇتقەھۇم ھەمدەن لەھەننەزمۇ ۋە نەسرۇ .

[ئەگەر گاچىلار ئۇ شاراب ساقىلىرىنىڭ قوللىرىنى سۆيە-لىسە ئىدى ، ئۇ مەينى ماختاش يۈزىسىدىن نەزىم بىلەن نەسر

ئۇلارنى چوقۇم سۆزلىتىۋېتەتتى .]

ۋەلەۋ ھەجەسەت كەل-بەرقۇفى سەدرى جاھىلىن ،
ئەلا قەلبىھى لەم يەخفە ئىلمۇن ۋەلاسىررۇ .

[ ئەگەر ئۇ مەي بىر جاھىلنىڭ قەلبىگە چاقماقتا ئوخشاش بىر قېتىم كۆچسە ئىدى ، ئۇنىڭ قەلبىگە ھېچقانداق بىر سىر ۋە بىلىم مەخپىي قالمايتتى .]

يەقۇلۇنە ئىننەل-ھۇررۇ ئەبدۇن لىدەيرىھا ،
ئەجەل فەل-مۇجەللى ئەبدۇھۇۋەل-ھۇررۇ .

[ ئۇنىڭ قەدرىنى بىلگەن كىشىلەر "ھۆر-ئازاد كىشىلەرمۇ ھەقىقەتەن شۇ مەيخانىنىڭ قۇلى" دېيىشىدۇ . توغرا ، مۇجەللىمۇ ھۆر ئادەم تۇرۇپ ، بۇ مەيخانىنىڭ قۇلى بولدىغۇ !]

## ئونىنچى بابتىكى شېئىرلىرى

ئىلەل ئەجەمىل بەردى ھەبىبۇ فەزالىكۇم ،
ھەبىبۇن رادىيۇن ۋەلمامۇل مەيۇممەمۇ .

[ قېرىنداشلار ! پەزىلەتلىك زات ھەبىبۇلئەجەمنى زىيارەت قىلىڭلار . ئۇ زات بولسا زىيارەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەلنى رازى قىلغان سۆيۈملۈك كىشىدۇر .]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەشاھىدۇ ئەممارىل ۋۇجۇدى قەد ئەسبەھەت ،
بىلكۇللىس سەننەتۇبدى ۋە بىل ھۆسنى تۇلىمۇ .

[دۇنيانى گۈللەندۇرگۈچىلەرنىڭ مازارلىرى نۇر چېچىپ گۈزەللىك بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە .]

ۋە تەلقا كەئىبىھا دەقمەتىن ئەبقارىيەتىن ،
ۋە رۇمى يەتىن ھەسنائە تەزھا ۋە تەبەسسۇمۇ .

[ئەي زىيارەتچىلەر ! ئۇ يەرگە بارغىنىڭىزدا كۆھىقاپنىڭ نەقىشلىرىگە ۋە ناز-كەرەشمە بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ساھىبجامال تۈرك قىزلىرىغا ئوخشاش گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئۇچرىتىسەن .]

ۋەفى فەرئەھا تۇبدى مەنا ئىرۇ ھال ئۇلا ،
رۇكۇبەن ئەلسە بەئىششە دادى ۋە تەھكۇمۇ .

[ئۇنىڭ ئېگىز مۇنارلىرىنىڭ ئۇچى يەتتە قەۋەت ئاسماندىن ھالقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ .]

قۇببەتۇھا يەھتارۇفى ئەۋجى ئىززىھا ،
ۋە مىراھتۇھەل ئەبسارە ۋەلفۇسھۇ يەئىجمۇ .

[گۈمبىزنىڭ يۈكسەك شان شەرىپى ۋە كۆرۈنۈشى كۆز-لەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، راۋان تىللىقلارنى گاچىلاشتۇرىدۇ.]

مەبانىن كە ئەجرا مىسساماۋاتى ۋۇتىندەت،
ئىلەل ھەشر مىن ھەللىل بەلىيەتى تەسلەمۇ.

[خۇددى ئۇ پۈختا سېلىنغان ئاسمان جىسىملىرىدەك قىيا-مەتكە قەدەر خەتەردىن سالامەت بىنالاردۇر.]

ۋەرا ھەلمۇجەللىۋاجىفۇل ئارىمەن،
لىئەتامىھا فىكۇللى شەترىن يۈتەلسىمۇ.

[كۆڭلى بىئارام مۇجەللى قەسىدىنىڭ ھەر قۇرىدا، تىلسىم ھالەتتە تارىخنى ئىپادىلەپ، قەسىدىنى تاماملاپ راھەت ئالدى.]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## رۇبائىي ۋە پارچىلار

### رۇبائىي①

هەۋەس ھا مۇيەسسەر بەزەر مىشەۋەد ،
پەرىۋەش مۇسەخخەر بەزەر مىشەۋەد .
سورەييا مۇسەخخەر بەزەر مىشەۋەد ،
ھەمە كارى چون زەر بەزەر مىشەۋەد .

[ جىمى ھەۋەسكە زەر(پۇل) لازىم . زەر بولغاندا كوھىقاپ-تىكى پەرىزاتنىمۇ قولۇڭغا چۈشۈرەلەيسەن ، شۇ زەر بولغاندا ئاسماندىكى ھۆكەر يۇلتۇزنىمۇ قولۇڭغا چۈشۈرەي دېسەڭ چۈشۈ-رەلەيسەن ، قىسقىسى ھەممە ئىشقا زەر كېرەك . بۇ جاھاننىڭ ئىسمىمۇ دۇنيا ، ساڭا لازىم بولىدىغىنىمۇ يەنە شۇ دۇنيا .]

### پارچە

خانىقا ئىچرە قويما قەدەم ،
ئاندە مەكىر دامى بار .

---

① بۇ رۇبائىي ۋە پارچىنى ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ نەۋرىسى شەمھۇل ھۇداخان خوجا ئېيتىپ بەرگەن .

ئۆنىڭدىن ياخشىراقتۇر ،
كۆشىدە تۇرۇپ قىلغان تۆۋبە ئىستىغپار .

[ ئى ئىنسان ، ئىشاننىڭ خانىقاسىغا كىرمە ، ئۇ جايدا ھىيە-
لىنىڭ قىسمىقى قۇرۇقلۇق . سەن ئۇ جايغا كىرىپ غەۋغا قىل-
مىساڭمۇ ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ خۇداغا تۆۋبە ئىستىغپار ئو-
قۇساڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ .]

## زاۋا① ھەققىدە پارچە

ئاندا دەردلەرگە داۋادۇر ، مۇندا ھاجەتلەر راۋا ،
ياخشىراقتۇر كابىلۇ بەلخۇ بۇخارادىن زاۋا .

## قەشقەر② ھەققىدە پارچە

جان فىزائىيۇ ئابۇ ھەۋايەش پىندارى ،
كى ئافرىنشى روھ ئەز تۇراب كاشغەرەست .
ئەھل فەزل بەرانداەم سۇخەنكى ھەر يەك شان ،

---

① زاۋا ، كابىل ، بەلخ— جاي ئىسىملىرى .
② تەجەللىنىڭ بۇ شېئىرى ئەھمەت زىيائىنىڭ «رابىيە-سەئە-
دىن» ناملىق داستانىنىڭ 47-بېتىدىن ئېلىندى .

تۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



هازار مەردۇ يەكى دەر ھىساب كاشىغەرەست .

[قەشقەرنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىنىڭ جاننى ئارتتۇرغۇچىلى-قىدىن ، "جاننىڭ يارىتىلىشى قەشقەر تۇپرىقىدىنكەن" دەپ گۇ-مان قىلىسەن . قەشقەردىكى پەزىلەت ئىگىلىرى ھەققىدە شۇنداق سۆز سۇرەلەيمەنكى ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى قەشقەر ھېسابىدا بىر كىشى بولسىمۇ ، ئەمما بىرى مىڭ كىشىگە تەڭدۇر .]

زاھىل فەزل‌چەرانىم سۇخەنكى ھەريەك‌شان ،
ھەزارەد ھەرويەكىن دەرھىساب كاشىغەرەست .

[قەشقەر ھەققىدە قانداقمۇ سۆز يۇرگۈزەلەيمەن . ئۇلارنىڭ ھەربىرى باشقا يەرلەردە مىڭ كىشى ، لېكىن قەشقەرنىڭ ھېسا-بىدا بىر كىشى .]

بىكەسبى ھۇسنى مەكارەم مەرەۋ بىكەردەد جاھان ،
كى ئەين مەئانى ئەندەر كىتاب كاشىغەرەست .

[ئىلىم تەلەپ قىلماق ئۈچۈن باشقا يەرگە سەپەر قىلما ، چۈنكى بۇ مەنالارنىڭ ھەممىسى قەشقەر كىتابى ئىچىدە تېپىل-دۇ .]

## پارچە

زى جىلۋە ھەشت بىھىشت ۋەز قەدىر ھەفت پەلەك
نەسىب كاشغەرەست ، ۋەنساب كاشغەرەست① .

[سەككىز بېھىش كۆرۈنۈشىدە كۆرۈنۈش قەشقەرنىڭ نەسى-
بەسىدۇر . ئۇستۇنلۇكىنىڭ نىسابى كامىل بولۇشتا قەشقەر يەتتە
ئاسمانغا ئوخشايدۇ .]

① بۇ «پارچە» ۋە «قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە»ناملىق شېئىر 1985-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھرىدە نەشر قىلىنغان سابىت داموللا ھاجىم ئابدۇلباقى ئوغلىنىڭ (1883-9) «شېرىن كالام» («شېرىن سۆزلەر») ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى .

www.uyghurkitap.com

تەكلىپلىك تەھرىر: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىر: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خىلىل
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: ياسىن مۇھەممەت

# تەجەللى شېئىرلىرىدىن

تۈزگۈچى: مۇختار مامۇت مۇھەممىدى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
نەشرىياتنىڭ ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى: 2000-يىل 9-ئايدا 1-قېتىم
بېسىلىشى: 2000-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم
ئۆلچىمى: 850×1168مم. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 7
سانى: 0001—3000
باھاسى: 11.00 يۈەن